



新疆地方志编纂委员会

# تەڭرتاغ

2

1987


يازغان
87.7. مارت

新疆地方志编纂委员会

# تەڭرتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

2

1987

بوستانلار

# تەڭرىتاغ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى

## تەڭرىتاغ سادالىرى

ئەرەب خەلپىلىكىگە زىيارەت (چاتما شېئىر) ...... تۆمۈر داۋامەت (1)
تەڭرىتاغ ئىلھامى (شېئىر) ...... خېۋىر تۆمۈر (5)
كونا دوستلار بىلەن كۆرۈشۈش (زىيارەت خاتىرىسى) ...... ياسىن خۇدا بەردى (6)

## ھېكايىلەر نەسىر

ۋەتەن رىشتىسى (ھېكايە) ...... مۇھەممەت لەتىپ (14)
خالىدەنىڭ تىلىكى (ھېكايە) ...... ئالىم مۇقىيت (23)
مۇھەببەت چاقمىقى (ھېكايە) ...... بېلىقىز سادىق (38)
سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى - (لىرىك نەسىر) مارجاننامە ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (58)

## شېئىرلار

شېئىرلار ...... ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى (71)
بالدۇر كەلگەن ئىلھاملار (شېئىر) ...... ئابلىكىم خېۋىر (74)
يىللار ۋە ئۆمۈر (شېئىر) ...... ھەسەن ئىلمۇۋالدى (78)
بۇلبۇلغا خىتاپ (شېئىر) ...... روزى سايىت (85)

## ياشلىق چوققىلىرى

سەھەردە يوقۇتۇپ قويغان چۈشلەر (شېئىر) ...... پولات ھېۋزۇللا (79)
بۇ ئىككىنچى بىر يۈزۈم (شېئىر) ...... ئەخمەتجان ئوسمان (80)
ئارامسىز خىياللار (شېئىر) ...... مۇختەر مەخسۇت (81)
ئەسىردىن چىققان خىياللار (شېئىر) ...... راھىلە ئابدۇراخمان (83)
ئەسسالام يۇلتۇزلار (شېئىر) ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن (82)
دېمىگىن ئىنگاردىم خىيالچان مېنى (شېئىر) ...... ئابلىجان ھېيىت (78)
ئۆزەك شۇنداق ئۆگەتكەن (ھېكايە) ...... تۇرسۇن ئىلمۇۋالدى (69)
سائەت ۋە ئىگىسى (مەسەل) ...... ئەسقەر ئېزىز (108)

* * *

سۇبھى ئالدىدا ئېچىلغان گۈللەر (داستان) خېۋېيمىڭ ...... قۇربان بارات تەرجىمىسى (87)

* * *

سۈكۈت قەبرىستانلىقى يېرىقلار (شېئىر) ... ئابد ئىسمايىل [سۈرىيە] ئەخمەتجان ئوسمان تەرجىمىسى (109)

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «نورۇز چاچقۇسى» دىن كۆرۈنۈشلەر
رەڭلىك سۈرەتلەرنى ھەسامىدىن ھاجى تارتقان
رەسسام ۋە خەتتات: مۇھەممەت ئايۇپ، سېيىتنىياز ئۇلمايىت ۋە تاجىگۈل

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مۇھەررىرلەر: سەنەۋەر، ئەركىن نۇر، مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم نامان

## شېئرىيەت سادالىرى

# ئەرەپ خەلپىلىكىگە زىيارەت

(چاتما)

### تۆمۈر داۋامەت

## ئورنۇتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى

ئەرەپ بىرلەشمە خەلپىلىكىدىكى دوستلارغا بېغىشلايمەن

كەلگىنىمدە دىيارىڭلارغا،
دولقۇنلاندى قەلبىم بولۇپ شات.
ئوخشاش بىزدە يەر شارائىت ھەم،
ئوخشاش ئادەت، دىنى ئېتىقات.

ئۆز يۇرتۇمغا كەلگەندەك بولدۇم،
تونۇش گويا بۇندىكى ھايات.
ئارىمىزنى تۇرسىمۇ ئايرىپ،
ئۇزۇن يوللار ۋە تاغلار قات-قات.

كۆپ جەھەتلەر كېتەر ئوخشۇشۇپ،
بىر كۆرۈشۈپ بولدۇق قەدىناس.
تونۇش-بىلىش ئەمەس ئىدۇقيۇ،
بىر سۆزلىشىپ بولۇشتۇق سىرداش.

تىللىرىمىز ئوخشاشمىسىمۇ،
دىللىرىمىز تونۇشۇپ كەتكەن،
بىزدە ئورتاق بىر ئارزۇمۇ بار،
دۆلەت تېچ، خەلق باي بولسۇن دېگەن.

ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇق رىشتىنى،
كۈچەيتمەكلىك پىكرىمىز بىردەك.
سودىمىزنى روناق تاپقۇزماق،
ئورتاق ئۈمىد، سەمىمى ئىستەك.

ئورنۇتايلى دوستلۇق كۆۋرۈكى،
ئىككى دۆلەت دوست ئۆتسۇن بەلەن.
دوستلۇقىمىز، ھەمكارلىقىمىز،
تەڭ ياشىسۇن يەر-زېمىن بىلەن.

1986 - يىل 8 - دېكابىر
ساجا

## رەڭدار گۈللەر

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى
دەرەخكە ئوخشاش.
ئۆسەركەن ئېگىز-تۈز ھەممە تىك قامەت،
ئۆگزىلەر ئۈستىگە قويار ئىكەن باش.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى
ئوتتەك تاۋلىنار.
قىزىرىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراركەن،
ھاۋاغا تارقىتار خۇشپۇراق ئىپار.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى
يوللارغا يانداش.
كۆرسىتەر ھۆسنىنى ئۆتكۈنچىلەرگە،
ھۆسنىگە رەڭدارلىق ۋە جىلۋە يولداش.

بۇ يەرنىڭ گۈللىرى
سەرخىل، ھەممۇ - خىل،
ۋە ئىسسىق بەلباغنىڭ تۈسلىرى قويۇق،
مەستانە بولىدۇ كۆرگەن چاغدا دىل.

بۇ گۈللەر
تەۋرەر كۆك دېڭىزدا لەرزان.
گۈل - چىمەن ھەمرايى چىمەنلىكلەرنىڭ،
زېمىنىدا مەنزىرە سېھىرلىك ھامان.

1986 - يىل 14 - دېكابىر

ئابۇدابى

## قۇملۇقتىكى گۈلىستان

بۇ يەرنى كىم ئويلار ئەسلى قۇملۇق، دەپ،
چۆپ ئۈنمەس چۆل دېسە ھېچكىم ئىشەنمەس.
ئادەمزات قەدىمى تېگمەپ ياقمىغان،
يارخانلار يېتىشقان بولۇپ ئىگىسىز - پەس.

بەزى تېچ داۋالغۇپ، بەزەن ھۆكۈرەپ،
دولقۇنلار ئوينايتقان دېڭىز ھەيۋەتتە.
مىڭ يىللاپ ئويقۇغا چۆكۈپ ئۇخلىغان،
بۇ يەردە جىمىكى نەرسە غەپلەتتە.

يۈز بەردى 60 - يىللار مەزگىلى،
يەر - كۆكنى تىترەتكەن كاتتا ئۆزگىرىش
ئەرەپلەر يېرىدىن بولدۇقلاپ نېفىت،
چۈش كەبى ئۆزگەردى بارچە كۆرۈنۈش.

ئۆزگىچە نۇسقىدا پۈتتى بىنالار،
بولۇپتا باش تىرەپ دېڭىزغا يانداش.
پاراخوتلار كىرىشتى قولتۇققا سانسىز،
تور يايدى ماي يوللار ساھىلغا تۇتاش.

ئازادە كوچىلار، قات - قات بىنالار،
ئادەملەر توپى چوڭ ئېقىندۇر ئاققان.
بولۇپتۇ دېڭىزنىڭ قولتۇقى پايتەخت،
شەھەرلەر مىسالى گۈزەل گۈلىستان.

ياپراقلار تەۋرىنىپ ناخشا پىچىرلار،
مەجنۇنتال ئوينايدۇ ئۇسسۇل تولغۇنۇپ.
چاتقاللار، گۈلشەنلەر چاقنىتار كىشتە،
ياپ - يېشىل پالمازار قارار زوقلىنىپ.

جىلۋىلىك تۈس بىلەن تولغان بارچە جاي،
سايىزار گۈلباغلار بېرىدۇ راھەت.
ئويلىماس چەت جايدىن ئەپكەلگەندۇ دەپ،
ھېچكىمشى بۇ يەرگە تۇپراقنى پەقەت.

ئويلىماس دەرەخنى، گۈلنى، چىمەننى،
بۇ يەردە تەبىئىي ئۆسمىگەندۇر، دەپ.
نېفىتكە تېگىشكەن ئاقچا كۈچىدىن،
قۇرۇلغان بارچىسى، ياشنىغان گۈللەپ.

ئادەملەر تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ،
بۇ يەكۈن گۈلىستان ھۆسنىدە ئايان.
ئاجايىپ گۈزەللىك باركەن بۇ يەردە،
مەس قىلار كىشىنى قارىغان ھامان،

1986 - يىل 14 - دېكابىر

ئابۇدابى

## دوبەي سودا سارىيى

شىنجاڭ موسۇلمانلار ئېكىسپورت تاۋارلىرى كۆرگەزمىسىگە مەدھىيە

دوبەينىڭ خەلقارا سودا سارىيى،
ئاپئاق چوڭ ئىمارەت كۆككە بوي سوزغان.
لەپىلدەر لالىرەڭ بەشيۇلتۇزلۇق تۇغ،
بىرىنچى ئىشىكنىڭ ئۈستىدە لەرزان.

ياڭرىدى بۇ دۆلەت ئوركېستىرى،
شوتلاندىيە نەيلىرى قىلدى خوشناۋا.
باشلاندى شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىسىمۇ،
مېھمانلار ئۈزۈلمەس بىر ئېقىن گويا.

ئوينۇتار يېقىملىق سازلار يۈرەكنى،
لالىرەڭ گىلەمدە زەپ يېنىك قەدەم.
قىزىقتى سودىگەر ئەربابلارمۇ ھەم،
تاۋارلار چاقناتقاچ كۆزنى دەممۇ - دەم.
گىلەملەر چوغسۈپەت، رەڭگا - رەڭ، گۈلدار،
دوخاۋا دولقۇنلۇق، تاۋار جىلۋىدار.
ئارزۇلۇق، ئەتىۋا يەرلىك مەھسۇلات،
مۇدىلىق كىيىملەر، بۇيۇملار داڭدار.

شۆھرەتلىك شىنجاڭنىڭ ناخشا ئۇسسۇلى،
قوزغىدى ھەر مەيدان ئويۇن ھاياجان.
چاۋاكلار گۈلدۈرلەپ گۈلدۈرمامىدەك،
ئاپىرىن ئالقىشى ياڭرىدى ھامان.

كۆرۈشتۇق، سۆزلەشتۇق، كۈلۈشتۇق بىللە،
خاتىرە سۈرىتى چۈشۈشتۇق بىللە.
دوستلۇق ئۇرۇقى چاچتى كۆرگەزمە،
ئىناقلىق پەيزىنى سۈرۈشتۇق بىللە.

1986 - يىل دېكابىر

دوبەي

## جۇڭگولۇق بولغانغا پەخىرلىنىمەن

«ۋاقىت گېزىتى» نىڭ بىرىنچى بېتى، ①
چىقتى «شەرق ئۇسسۇلى» دېگەن نام بىلەن.
ماختاشتى شىنجاڭنىڭ ئويۇنىنى دەپ:
«ئۇسسۇلى بەك نەپىس، كۈيى بەك بەلەن.»

ئويۇننىڭ سۈرىتى قوشۇپ بېسىلدى،
يېزىلىپ تەسىرلىك ماقالە - تەقرىز.
كۆرگەندە سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى مەن،
جۇش ئۇردى قەلبىمدە قايناق بىر دېڭىز.
قويۇلغان چېغىدا جۇڭگو ئويۇنى،
چوڭ بولدۇم غۇرۇرنىڭ نۇرىغا ياشناپ.
ماختالغان چېغىدا جۇڭگو سەنئىتى،
ئىپتىخار ھېس قىلدىم ھاياجان قايناپ.
جۇڭگولۇق بولغانغا پەخىرلىنىمەن،
ئىرادەم ھەر جايدا يانىدۇ چاقناپ.

1986 - يىل 13 - دېكابىر

ئابۇدابى

## ھەممىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار

دېمىشتى بۇندىكى بەزى ئەرەپلەر:
«ئىلگىرى جۇڭگونى بىلەتتۇق پەقەت.
جۇڭگودا شىنجاڭنىڭ بارلىقىنىمۇ،
بىلدۇق بىز كەلگەندە سىلەر بۇ نۆۋەت.»

چۈشىنىش مۇھىمكى، چۈشىنىشكەندە،
ناتونۇش ئادەملەر بولىدۇ سىرداش.
يات يەرمۇ ئۆز يۇرتتەك كۆرۈنەر ئىسسىق،
ھاياتتا زۆرۈردۇر ئۆزئارا قوللاش.

ھەممىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلارمىز،
قىلايلى بىز بېرىش - كېلىشنى ئىجىل.
دوستلار كۆپ ئۇچراشسا سۆيگۈ چوڭقۇرلار،
تۇققانلار ئىزلەشسە بولۇشار ئىجىل.

سىزلەردە بار چەكسىز نېفىت بايلىقى،
بىزدە بار سەر خىل مال، قازانغان ئاتاق.
ئۆزئارا قىلىشساق خىرىدارلىق بىز،
بولىدۇ سودىنىڭ ئىقبالى پارلاق.

1986 - يىل، 11 - دېكابىر

دۇبەي.

## ئەگرى دېڭىز

مەن كۆرگەن دېڭىزلار بىپايان،
ياتاتتى تەپ - تەكشى پارقىراپ.
شەھەردىن، سەھرادىن ئۇزاقتا،
دولقۇنلاپ، بەزىدە شارقىراپ.

بۇ يەرنىڭ دېڭىزى ئەگرىكەن،
تاشقىنمۇ كەلمەيدۇ تۇرۇلۇپ.
خۇاڭخېدەك، چاڭجياڭدەك ئاقىدۇ،
بىھېساب تولغىنىپ، بۇرۇلۇپ.

شەھەر چوڭ قىرغاققا جايلاشقان،
ئىككى قاش ئىمارەت قاتىرى.
چوكىلار دېڭىزنى بويلايدۇ،
دېڭىزغا ئۇلانغان بازىرى.

چىرماشقان قاتناشنىڭ تورلىرى،
كېلىدۇ پاراخودى جاھاننىڭ.
ئاۋات بىر مەنزىرە يوز ئاچقان،
زوقىنى ئويىنىتىپ ھەر جاننىڭ.

ئەي ئەگرى دېڭىز ھۆر ئۇچۇق پورت،
تەلپۈنەر قوينۇڭغا كەڭ دۇنيا.
چەتئەللىك مېھماننى چىللايسەن،
مېھرىڭگە قانىپ سەن مەھلىيا،

1986 - يىل، 10 - دېكابىر.

دۇبەي

## دېڭىز ۋە قۇملۇق

بىلىڭگە باغلىدى رەڭمۇ - رەڭ بەلباغ،
بۇ قۇمساز ساھىللار ياتقان بىپايان.
قۇملۇقنى ئويقۇدىن ئويغاتتى شاۋقۇن
چۆللۈكنىڭ چىرايى ئۆزگەردى شۇئان.

دېڭىزنىڭ بويىدا كۆز ئاچتى پايتەخت،
ئادەملەر كەلكۈنى قولتۇققا ئاقار.
رەستىلەر قۇرۇلدى ئازادە، رەت - رەت،
چوڭ - كىچىك داچىلار قەد كەردى قاتار.

دېڭىزدا بولغاندەك خىلمۇ - خىل بېلىق،
قۇملۇقتا بولىدۇ بايلىق، خەزىنە، كان.
فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى قارا ماي،
جەننەتكە ئايلاندى قاقاس - باياۋان.

ئاپتۇ بۇ نېفىتنى مەنبە قىلغان ئەل،
چۆل بىلەن دېڭىزنىڭ ئارىسىدىن جاي.
ياشناتتى ئەرەپنىڭ يەر ھەم دىلىنى،
زەمزەمدەك خىسلەتكە ئىگە قارا ماي.

1986 - يىل، 13 - دېكابىر

ئابۇدابى

# تەڭرىتاغ ئىلھامى

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى نەشرىگە بېغىشلايمەن)

## خېۋىر تۆمۈر

تارىخىي مۇقەددەس ئۇلۇغ نام بىلەن،
«تەڭرىتاغ» ئاتالدى بۇ شانلىق ژۇرنال.
بولغاچقا سىموۋلى ئالتۇن دەۋرنىڭ،
ئالقىشلار لەرزىدە تىترەپ كەتتى زال.

تەڭرىتاغ باغرىدا تۆرەلگەن ھەرجان،
ھاياجان ئىچىدە چۆلدى بايرامغا.
ھەر يۈرەك تولغاچقا ئاتەش ئوت بىلەن،
تەڭرىتاغ قوينىدا كەتتى ئىلھامغا!...

تەڭرىتاغ - تەڭرىتاغ قانداق سۆيۈملۈك،
چۈنكى سەن بىزلەرگە ئانا ماكان تاغ.
ھاياتبەخش باغرىڭدا ئەجداتتىن - ئەجدات
سەلتەنەت تىكلىشىپ قۇرغان ئوردا - باغ.

تارىخنىڭ - دەۋرانىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن،
خىيالمۇ يەتمەيدۇ ئېرالىرىڭغا.
ئەڭ دەسلەپ تۆرەلگەن ئادەم ۋە ھاۋا،
كېيىنلىك قىلماسمۇ دەۋرانلىرىڭغا!

تەڭرىتاغ - تەڭرىتاغ نىمىدېگەن ئۇلۇغ،
مۇمكىنمۇ تەۋسىپىڭ بايان ئەيلىمەك.

ۋۇجۇدۇڭ غىچ ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىر،
مۇمكىنمۇ بايلىقىڭ ئايان ئەيلىمەك!

ھەر چوققا قۇتلۇق تاج، باغرىڭ ئاستانە،
قەدەمدە تېپىلار ئەجداتلار ئىزى.
خانتەڭرى، بوغدادا بولۇپ پەرۋانە،
ياڭرىغان بۇرغا - نەي، غىژەكقا ئاۋازى.


تەڭرىتاغ - تەڭرىتاغ قۇتاتقان زېمىن،
ئەۋلادلار ھازىرمۇ كۆكلەۋاتىمىز،
كۆكلەش ئۇ نىمىكەن كۈنسايىن ياشناپ،
ئالتۇندەك دەۋردە گۈللەۋاتىمىز!

«تەڭرىتاغ» نامىڭدا جەڭگىۋار مەيدان —
ئاچتۇق بىز، بەستىڭدەك ئىش قىلايلى دەپ.
ئەجداتلار ئىزىدىن كارۋاندەك ئېقىپ.
ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆز بۇرچىمىز دەپ!

ۋارىس بىز تارىخلار، ئابىدە تاشلار،
پۈتۈكلۈك ھۆججەتلەر تۇرار ئىسپاتلاپ،
«تەڭرىتاغ» سەھىپەڭ، ھەربىر قۇرىڭدا
شاھىتلار - مەشئەللەر يانسۇن چاراقلاپ!

1986 - يىل 12 - ئاي

ئۈرۈمچى



# كونا دوستلار بىلەن كۆرۈشۈش

زىيارەت خاتىرىسى

ياسىن خۇدابەردى

ئۈزۈندىن بېرى ئاقسۇنى، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى دېھقانچىلىق 1 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 3 - تۇەن 3 - لىيەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى بىر كۆرۈپ زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. چۈنكى مەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان ئېغىر كۈنلەردە سۈرگۈن بولۇپ، بىر نەچچە يىل شۇ يەردە تۇرغانىدىم. شۇ چاغدا ئۇ يەردىكى خەنزۇ قېرىنداشلار بىلەن ئارىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلغانىدى. بەختىمگە يارىشا 1986 - يىلى 9 - ئايدا بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.

بىز ئاقسۇ شەھرىدىن 3 - تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. 3 - تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارىدىغان چوڭ يول بويىدىكى ساجىگىزنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قارىكۆل دېگەن يەردە بولۇپ، ساجىگىزا بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى 50 - 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكاننىڭ بىر چېتى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ياۋايى هايۋانلارنى ئاخوت قىلىپ هايات كەچۈرىدىغان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاخوتنىكلار (پالۋانلار) دىن باشقا ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمىگەن قۇملۇق چۆل - باياۋان ئىدى.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ئازادلىق تېڭى ئېتىپ، كۆپ ئۆتمەي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باتۇر جەڭچىلىرى ئەسىرلەر بويى قاغجىراپ ياتقان بۇ قۇملۇققا يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇ دەرياسىنى تىزگىنلەپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتى ۋە بۇ بىپايان چۆل - جەزىرىگە هاياتلىق بېغىشلاپ تېرىقچىلىق قىلدى.

قىسقىسى، بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن-

قى بۇ قۇملۇق چۆل - جەزىرىدە بۈگۈنكى ھايات قايناۋاتقان، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، گۈل - گۈلىستانلىق، باغۇ - بوستانلىق مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەرلەرنى 30 نەچچە يىل بۇرۇن قۇملۇق، چۆل - باياۋان ئىدى دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، بىرەر شەھەرنىڭ ھەتتا بىرەر يېزا - كەنتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن يىللار، ھەتتا نەچچە ئەسىرلەر كېتىدۇ. بۈگۈنكى ئادەملەر ياشاۋاتقان شەھەر - يېزىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولغان.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قاغجىراپ ياتقان چۆل - جەزىرىدە مۇنداق قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە باغۇ - بوستانلىق يېزا - كەنت ۋە شەھەرچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى — ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە. بۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى ئاشۇ مۆجىزىلەرنى ياراتقان باتۇر جەڭچىلەرگە، شىجائەتلىك كىشىلەرگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ...

بىزنىڭ كىچىك ماشىنىمىز قارىماي ياتقۇزۇش ئۈچۈن شېغىل - تاش يېيىتىلىۋاتقان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سىلكىنىپ، ئىڭغاڭلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. يول بويىدىكى ئۆستەڭدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ قۇياش نۇرىدا ئىمىر - چىمىر قىلىپ يالتىرىماقتا. يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەر بىلەن سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى كۆز ئالدىمىزدىن لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەكتە. توپ - توپ بولۇپ ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچلار ماشىنا ئاۋازىدىن ئۈركۈپ شاختىن - شاخقا يۆتكەلمەكتە. مۇشۇ مەنزىرىلەرگە كۆز تىكىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىمگە چۈشۈپ كەتتى.

مەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋاقتىدا 1975 - يىلى پۈتۈن ئائىلەم بىلەن يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆي جابدۇقلىرىمىزنى چوڭ يۈك ماشىنىسىغا بېسىپ تارىمغا قاراپ ماڭغان ئىدۇق. ھازىر بىز كېتىپ بارغان مۇشۇ يول ئۇ چاغدا تېخى ياسالمىغان بولۇپ، ئېگىز - پەس كاتاڭ ئىدى. بىز سەككىز - توققۇز كىشى ئېگىز يۈكنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇراتتۇق. يول كاتاڭ بولغانلىقتىن، ماشىنا ھەدەپ چايقىلاتتى. ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلۈپ بىزنى بۇلۇتتەك قاپلىۋالاتتى. چاڭ - توزاڭ دەستىدىن بىزنىڭ چاچ ۋە قاش - كىرپىكلىرىمىز ئاپئاق بولۇپ كېتەتتى. ئۈستىمىزدىن قۇياش ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇراتتى. پۈتۈن بەدىنىمىزدىن پۇرقۇراپ تەر قۇيۇلاتتى. تەر بىلەن چاڭ - توزاڭ ئارىلىشىپ بىزنى تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىزنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان قوغداش كادىرلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىنىمۇ بىزدىن ياخشى دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار گەرچە بىزگە چىرايىنى ئاچمىسىمۇ، لېكىن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئانچە رازى ئەمەسلىكى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار پەقەتلا بىزنى تارىمغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈنلا، كۆڭلىدىكىنى چىباندۇرماي، بىز بىلەن بىللە ماشىنىنىڭ ئۈستىدە توپا - چاڭغا مىلىنىپ يول ئازابىنى تەڭ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ھازىرمۇ خۇددى شۇ يولدا كېتىۋاتىمىز، لېكىن ئۇ چاغدىكىسى بىلەن ھازىرقىسى ئوخشىمايدۇ... ئۇ چاغدا بېشىمدا ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپاق بار ئىدى. مەجبۇرىي ھالدا تارىمغا سۈرگۈن بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ھازىرقىسى بولسا ئۇنداق ئەمەس. ھازىر مەن ئەركىن ئىنسانمەن. بېشىمدا قالپاق، بوينۇمدا تاختاي يوق. يېنىمدا ماڭا قارىشىۋاتقان كاتىپ بىلەن ئوغلۇم بار. ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان شۇنياڭجيەن ماركىلىق ئالىي ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. ماشىنىنىڭ ئىچى ئازادە ۋە يۇمشاق، ھاۋا تەڭشەيدىغان ئەسۋابى بار، ئىسسىپ كەتكەندە سوغۇق شامال چىقىرىپ، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ھاۋانى تەڭشەپ تۇرىدۇ. شۇڭا ماشىنىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق جاپا تارتماستىن راھەتلىنىپ كېتىۋاتىمىز. بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش - ھە! زالالەتتىن قۇتۇلۇپ مۇنداق سائادەتكە ئېرىشكەن يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ۋەيران بولغان بىزگە ئوخشاش كورمىڭ - كورمىڭ كىشىلەر، كورمىڭلىغان ئائىلىلەر بۈگۈنكى كۈندە ئاقلىنىپ، دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ مۇشۇنداق ساخاۋەتلىك ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتى. ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ، جاھاننىڭ ئىچى ياشىقىدىن يورۇپ كەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ مۇشۇلارنى ئويلاپ، سۆيۈملۈك پارتىيىمىزگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا خىجالەتچىلىك ھېس قىلدىم. چۈنكى، پارتىيىمىزنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىغا لايىق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. گەرچە روھىم تازا ئۇرغۇپ تۇرغان، غەيرەت - جاسارەت بىلەن تازا ئىشلەيدىغان قىرانلىق دەۋرىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىدا خەلققە ئازدۇر - كۆپتۇر پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئانچە - مۇنچە نەرسىلەرنى يېزىپ ياش ئەۋلادلارنى، بالىلىرىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

بىز ئائىلىمىز بويىچە سۈرگۈن بولۇپ بارغان ۋاقتىمىزدا 3 - لىيەن بىزنى قىزغىن قارشى ئالغانىدى. بۇ لىيەندە پەقەت بىز بىر ئائىلە ئۇيغۇر بولۇپ، قالغانى ھەممىسى خەنزۇ ئىدى. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئاقارتىپ تەييارلاپ قويغانىكەن. ئەر - ئايال، جەكچىلەر، ئۇلاش - چولاش يوك - تاقلىرىمىزنى ماشىنىدىن كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ تىزىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. بىرسى چەينەكتە چاي، بىرسى قوغۇن، بىر-

سى ئاۋۇز، بىرسى ئالما، بىرسى نەشپۈت، بىرسى تۇخۇم قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ بىزنى مېھمان قىلدى. ئوتتۇن ئەكىرىپ ئوچىقىمىزغا ئوت قالاپ بەردى، ئولتۇرۇپ بىز بىلەن پاراڭلاشتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇلار بىلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق. بۇ لېيەندۇيدىكى جەڭچىلەر ئۈچ خىل ئادەمدىن تەركىب تاپقانىكەن. بىر خىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىلىرى ۋە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، بىر خىلى چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىققان ياشلار، يەنە بىر خىلى، ئۆتكەنكى ھەر خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە ناھەقچىلىككە ئۇچراپ قالپاق كىيىپ، بىزگە ئوخشاش سۈرگۈن بولۇپ كەلگەنلەر. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق-قارىنى پەرق قىلالىدىغان، ھەق-ناھەقنى تونۇيدىغان تەجرىبىلىك، بىلىملىك كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ قۇربانى بولۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى ياخشى بىلەتتى ۋە بىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، دەردىمىزگە دەرمان بولاتتى. بىز ئۇ يەرگە بېرىپ كۆپ ئۆتمەي تۆت بالامنى لېيەندۇيگە ئىشچىلىققا قوبۇل قىلدى. ئۇلارغا بەلگىلىمە بويىچە مائاش بېرىپ تۇردى. باشقا ئىشچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. ھېيت-بايرام كۈنلىرى بىزنى دەپ ئالاھىدە قوي سويۇپ گۆش بىلەن تەمىنلىدى ياكى توخۇ، تۇخۇم، بېلىق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېتىپ بەردى. مەن ئۇ يەرگە «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق ئاستىدا سۈرگۈن بولۇپ بارغانلىقىم ئۈچۈن چەزمەن قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرايمەن، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. لېكىن مېنىڭ ئەندىشىلىرىم بىكار بولۇپ چىقتى. ئۇ يەردىكىلەر بىزنى چەتكە قاقمىدى، مىللەت ئايرىمىدى. بىزگە ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن يولداشلارچە مۇئامىلە قىلدى. بىز ئۇ يەردە تۆت يىل تۇردۇق. مۇشۇ تۆت يىل ئىچىدە ئۇلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ جاپانىمۇ بىللە تارتتۇق، ھالاۋەتنىمۇ بىللە كۆردۇق. ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بارغانسېرى كىرىش-چىقىشىمۇ قويۇقلىشىپ، قەدىناس دوست بولۇپ كەتتۇق. دەم ئېلىش ۋە ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە ئوغۇللىرىم ئۆز دېمەتلىكلىرى بىلەن، مەنمۇ ئۆز دېمەتلىكلىرىم بىلەن بىر-بىرىمىزنىڭكىدە ئولتۇرۇشۇپ مېھمان بولۇشاتتۇق. ئاز-تولا ھاراق ئىچىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىشاتتۇق ۋە شىركەيپ بولۇۋېلىپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» توغرىسىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن پاراڭلىشاتتۇق. گەرچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا قارشى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمىساقمۇ (ئارىمىزدىن بىرسى بولمىسا بىرسى چىقىپ يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىپ قويسا، ئاران

تۇرغاندا بىشىمىز كېتىپ قالمىسۇن دەپ
ئەندىشە قىلاتتۇق)، لېكىن بەزى كـونك-
رېت پاكىتلارنى باھانە قىلىپ كـۆڭلى-
مىزدىكىنى دېيىشەۋالاتتۇق ۋە بەزى تەنە
گەپ ـ سۆزلەر بىلەن «مەدەنىيـەت ئىنقى-
لابى»نى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇشۇۋالاتتۇق.
ھەممىمىز دېگۈدەك كۆڭلىمىزدە ئاسماننى
قاپلىغان قارا بۇلۇتنىڭ چاپسانراق تار-
قىلىپ كېتىشىنـى، دۆلـەت ئىشلىرىنىڭ
ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ
تۈزىلىشىنى ئۈمىد قىلاتـتۇق. ئـارىمىزدا
يېشى ھەممىدىن چوڭ ئىككى بوۋاي بار
ئىدى. ئۇلار ھەمىشە: «جاھان ھـەمىشە
بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، ئـاخىرى بىر كۈن
تۈزىلىدۇ» دەيتتى.

مېنىڭ يولدىشىم بەش نـاماز، تەقۋا-
دار ئايال بولـۇپ، بىر ۋاق نـامازنىمـۇ
قازا قىلمايتتى. ھەر بىر نامىزىنىڭ ئا-
خىرىدا قولىنى كۆتۈرۈپ ئـۇزۇن ـ ئۇزۇن
دۇئا قىلاتتى. دۇئـاسىدا خـۇدادىـن بىر
نېمىلەرنى تىلـەيتتـى. ئـۆزىـنىڭ ئېيتىپ
بېرىشىچە، مەن ئۈرۈمچىدە تـۇتۇپ تـۇ-
رۇش ئورنىدا ياتقان ۋاقتىمدا ھەر نامى-
زىدا ماڭا نىجادلىق تىلەپ دۇئـا قىلى-
دىكەن. «ياسىن ھاجىم تۈرمىدىن قۇتۇ-
لىدىغانلا ئىش بـولسا، پـۈتۈن ئـائىلـە
بىلەن تارىمغا كەتسەكمـۇ مەيلـى ئىدى»
دەيدىكەن.

تارىمدا تۇرۇۋاتقـان ۋاقتىمىزدا يـول-
دىشىم ھەر دائىم مۇشۇ گەپنى تـەكرار-
لايتتى ۋە: «سىز ئىشـەنمەيسـىز، لېكـىن
سىزنىڭ تۈرمىدىن ئامان قۇتۇلۇپ چىـ-
قىپ، بالا ـ چاقىلىرىڭىز بىلـەن مۇشۇنداق
جـەم بـولىشىڭىز مېنىڭ دۇئـالىرىمنىڭ
بەركاتىدىن بولدى» دەيتتـى. مەن ھـەم
بالىلىرىمىز چاقچاق قىلىپ: «دۇئـايىڭ
راست ئىجاۋەت بولىدىغان بـولسا، ئەمدى
ئۆز يۇرتىمىزغـا كېتىشنى تەلـەپ قىلىپ
دۇئا قىلىپ باقمامسەن» دەيتتۇق. يـول-
دىشىم: «دېمىسەڭلارمۇ ھەر بىر نامىزىم-
دا شۇنى تەلـەپ قىلىپ دۇئـا قىلىۋاتى-
مەن» دەيتتى. گەرچە مەن دۇئا گويىلىق-
قا ئىشەنمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشـى
نىيىتىنى قوللايتتىم. ئىنشائاللا، دۇئايىڭ
ئىجاۋەت بولار، دەيتتىم.

دەرۋەقە، كۆپ ئۆتمەي لـىندوپىدىكـى
ئىشچى ـ خىزمەتچىلـەرنىڭ ئـارزۇسـى ۋە
يولدىشىمنىڭ دۇئاسـى ئىجاۋەت بـولۇپ،
قارا بۇلۇت تارقىلىپ ئاسمان سۈزۈلدى.
«تۆت كىشىلىك گـۇرۇھ» ئـاغدۇرۇلدى.
دۆلىتىمىزگە، خەلقىمىزگە ئېغىر بالايى ـ
ئاپەت ئېلىپ كەلگەن «مەدەنىيـەت ئىنقى-
لابى»نىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ئـاغدۇرۇل-
غانلىقى توغرىسىدىكى خـۇش خـەۋەر يې-
تىپ كەلگـەن چـاغدىكـى لـەنديىمىزدە
مەيدانغا كەلگەن قاينام ـ تاشقىنلىق مەن-
زىرە ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. لې-
كىن مېنىڭ ئۇنى ھازىر ئۆز ئەينـى بى-
لەن تولۇق تەسۋىرلەشكە قەلىمىم ئاجىز-
لىق قىلىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ
ئاغدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھەقى-
قەتەن كىشىلەرنى قالتىس خـوشال قىلى-
غانىدى. شۇ يەردە ئىشلەيدىغان بىر پىش-
قەدەم ئىشچىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا،

شۇ كۈنلەردىكى خوشاللىقى گوممىنداڭ ھا-
كىمىيىتىنى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدىكى خوشال-
لىقتىن ئېشىپ چۈشەتتى.

بۇ ئالاھىدە خوش خەۋەر يېتىپ
كەلگەندە لىيەندۈيىمىزدىكى ئوششاق ۋە
چوڭ ھەممە ئادەم كوچىغا چىقىپ خۇ-
شاللىقىدىن تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتى-
شىپ، بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ
سۆيۈشۈپ كەتتى. كوچىدا داقا-دۇمباق
چېلىپ نامايىش قىلدى، بايراق چىقى-
رىپ، تاملارغا، دەرەخلەرگە ئالا-يېشىل
لوزۇنكىلارنى چاپلاپ غەلىبىنى تەبرىكلى-
دى. «يوقالسۇن تۆت كىشىلىك گۇرۇھ!»،
«ياشىسۇن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى!» دەپ
شوئار توۋلاشتى. نۇرغۇن كىشىلەر خۇد-
دى ھېيت-بايرام كۈنلىرىدىكىدەك ئائى-
لىسىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ياخشى تاماق
يەپ، ھاراق-شاراپ ئىچىشىپ خوشاللى-
قىنى ئىزھار قىلىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر
خوشاللىقىدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇخ-
لىيالمىدى. كۆپ ئۆتمەي بىزمۇ نىجادلىق-
قا ئېرىشىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاتقان توقا-
لەنەتتىن ئاقلىنىپ ئىنقىلابىي سەپكە
قايتا قوشۇلۇپ كەتتۇق. شۇنىڭ شارائى-
تىدىن مانا بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنلەر-
گە ئېرىشىپ، شۇ چاغدا تۇرغان لىيەندۈي-
نى كۆرۈشكە، قەدىناس دوسلار بىلەن
كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سوراشقا كې-
تىۋاتىمىز.

مۇشۇلارنى ئەسلەپ ئىككى سائەتتەك
ماڭغاندىن كېيىن 3-تۇەننىڭ شتابىغا
يېتىپ كەلدۇق. مۇئاۋىن سىياسىي كوم-
مىسسار بىلەن تۇەن سىياسىي باشقارمىسى-
نىڭ مۇدىرى ۋاڭ... قاتارلىق يولداشلار
بىزنى خوشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ
قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئەھۋاللارنى تونۇش-
تۇردى. قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، شاپتۇل،
ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق ئۆزىدە ئىشلەپ-
چىقىرىلغان ئىسسىل مېۋە-چېۋىلەرنى ئال-
دىمىزغا تىزىۋەتتى. ئۆزلىرىدە مىللىي
ئاشخانا، مۇسۇلمان ئاشپەز بولمىغانلىق-
تىن، يىراق يەردىن ئالاھىدە بىر ئۇي-
غۇر ئاشپەزنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ،
بىزگە تۈرلۈك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ
ئالاھىدە مېھمان قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردە تۇەن
سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى
ۋاڭ...نىڭ ھەمراھلىقىدا 3-لىيەنگە كېلىپ
لىيەندۈي ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئۇ يەر-
دىكى قەدىناس دوستلار بىزنى ئاجايىپ
قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قارشى ئالدى.
بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغان قە-
دىناس دوستلارنىڭ ھەممىسى لىيەندۈي
ئىشخانىسىغا كېلىپ بىز بىلەن قىزغىن
كۆرۈشتى. بەزىلىرى ھاياجانلانغانلىقىدىن
كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى، بىز بى-
لەن قىزغىن پاراڭلاشتى. قوغۇن-تاۋۇز
ۋە ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنى ئېلىپ
كىرىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى ئالا قويماي
تىزىۋەتتى. ئىشخانىدا بىردەم پاراڭلاش-
قاندىن كېيىن ھەممىمىز بىللە تالاغا
چىقىپ مەھەللە ئارىلىدۇق. بۇرۇن بىز

ئولتۇرغان ئۆيىنى، بىللە ئىشلىگەن يەرلەرنى كۆردۇق؛ قەدىناس دوستلارنىڭ ئائىلىسىگە كىرىپ پەتە قىلدۇق ۋە ئاپارغان سوغا - سالاملىرىمىزنى تەقدىم قىلدۇق. مەن ئۇ يەردە سۈرگۈن بولۇپ تۇرغان چاغلاردا يەكشەنبە كۈنلىرى، ھېيت - بايرام كۈنلىرى قەدىناس دوستلار بىلەن قانغىچە ھاراق ئىچىشىپ، كۆڭلىمىزنى ھاراق بىلەن خوش قىلاتتۇق. ئەپسۇسكى، ھازىر دوختۇر مەنئى قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەدىناس دوستلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچەلمىدىم.

بىز لېندوي ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆل بويىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق ئىككى ئىش ئېسىمگە كەلدى.

بىز شۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمىزدا ئۈچ ياشلىق قىزىم پاتىگۈل ئويناۋېتىپ، تاسادىپى ھالدا كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناۋاتقان ئالتە ياشلىق بىر خەنزۇ بالا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن قورقماي كەينىدىن كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ قىزىم پاتىگۈلنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئەگەر ئۇ قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، شۇ چاغدىلا قىزىم پاتىگۈلدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتۇق. ھازىر شۇ قىزىم 11 ياشقا كىردى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

يەنە بىر ئىش، ھويلىمىزدا ئەخلەت ۋە يۇندىلارنى تۆكىدىغان ئورەك بار ئىدى. بىر كۈنى يامغۇر يېغىپ ئورەككە سۇ تولۇپ كەتكەنىكەن. ئەتراپتا ئويناۋاتقان ئۇششاق باللاردىن بىرسى پاتقاققا تېيىلىپ ئورەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىزىم پاتىگۈل ئورەكتىكى بالىنىڭ قولىدىن تارتىپتۇ. چىقىرالمىغاندىن كېيىن دەرھال ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىپتۇ. بۇ ئىشلار ئۇ يەردىكىلەرنىڭمۇ ئېسىدە بار ئىكەن. كۆلنىڭ بويىدا كېتىۋېتىپ مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق ۋە بۇ مەسۇم سەبى باللارنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق روھىنى ماختاشتۇق.

لېندوينى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا لېندىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە قەدىناس پىشقەدەم دوستلار لېندوينىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

بىزنىڭ بۇ يەردىن قايتىپ كەلگىنىمىزگە سەككىز يىلدەك بولدى. مۇشۇ قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ يەردىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشاشلا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپتۇ. تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەمەلگە قويۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاشلىق ۋە پاختا مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپتۇ. ئىلگىرى بۇغداينىڭ بىر ئىلىك مەھسۇلاتى 200 جىڭغا يەتمەيتتى. ھازىر 400 جىڭغا يېتىپتۇ. پاختا، قوغۇن - تاۋۇز، مىۋە - چېۋە مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ. بۇ قۇملۇق چۆل - باياۋاندا قۇرۇلغان دېھقانچىلىق مەيدانى، كۆكلەم مەيدان، باغۇ - بوستانلىقتا، ئاشلىق ۋە ئاق ئالتۇننىڭ كانىغا، ئاۋات ۋە گۈز-

زەل ماكانىغا ئايلىنىپتۇ. ئەتراپىنى يۇلغۇن - يانتاق ۋە قۇم دۆۋىلىرى قاپلىغان مېۋىلىك باغلاردا ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەر شېخىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپتۇ.

بىز ئۇ يەردە تۇرغان كۈنلەردە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئاددىي ئۈستەل، ئورۇندۇق، ياغاچ كارىۋاتتىن باشقا تۇزۇكرەك سايمان - جابدۇق يوق ئىدى. ھازىر بولسا ھەممە ئۆيدە دېگۈدەك جۇپ - جۇپ كرېسلو، سىم كارىۋات، ئىشكاپ، ئېسىل ئۈستەل، ئۇنئالغۇ، ۋېلسىپىت ۋە ھاكازالار بار ئىكەن.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىمۇ ئۆزگىرىپتۇ. ئۇلار غەم - غۇسسىدىن خالاس بولۇپ، شاد - خوراملىققا چۆمۈپتۇ. ھازىرقى سىياسەتتىن ئۇلار ئىنتايىن رازى ئىكەن. بىر نەچچە قەدىناس دوستلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ماختانغان ھالدا سۆزلەپ بەردى ۋە: «لېكىن بۇنىڭغا قانائەت قىلمايمىز، تېخىمۇ ياخشى كۈنلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تارىمنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان - دىل بىلەن كۈرەش قىلىمىز...» دېدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ خوشلاشتۇق. بەزى دىلى يۇمشاقلىرى بىز ماشىنىغا چىقىۋاتقاندا، بىزدىن ئايرىلىشقا قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

## دانىشمەنلەر نەسىھىتى

ياخشى مىجەز — خاراكتېر دوسلۇقنى، ناچار مىجەز خاراكتېر دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاراستو ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

— ئەدەپ — ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى نەسەبىنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى توسىدۇ. ياخشى پەزىلەت ئېسىل زادىلىق ۋە نەسىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلىم، ئەدەپ بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئەدەپسىز كىشىنىڭ نەسەبى ئالىيلىقىغا قارالمايدۇ.

ئاراستودىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن كۆپ ئادەم يىگىتلىك چاغلىرىدا ھاۋايى ھەۋەسكە، كەيىپ - ساپاغا مايىل بولىدۇ؟


ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

— يىگىت ئىككى كۈچتىن بىرىنىڭ — ئەقىل ياكى نەپسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. ئەگەر ئەقلى غالىپ كېلىپ، يىگىت ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولسا، نېجاتلىق تاپىدۇ. نەپسىگە ئەگىشىپ كەتكەن يىگىت پالاكەت ۋە ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.

# ۋەتەن رىشتى

مۇھەممەد لىتىپ

ھېكايە



كۆڭلۈمدىكى راست گەپنى قىلسام، مەن چەتئەلگە، چەتئەلنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلاتتىم. بولۇپمۇ شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەنلەرگە تېخىمۇ ھەسەتكىم كېلەتتى، مەن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەختى ۋە شەرىپى قەيەردە ياتقانلىقىنى قەلبى بىلەن سېزىپ، يۇرتىدىن، ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا بەل باغلىغان ئەزىمەتلەر، ئۇلار چەتتە بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىنى تېپىپ تۈزۈك ياشاۋاتىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار چەتئەلدە جۇڭگولۇقلارنىڭ غورۇرى ۋە شەرىپىگە مۇناسىپ يۈز تېپىپ، زامانىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇۋېتىپتۇ. بىرمۇنچىسى ئالىم، پروفېسسور، ئىنژېنېر، شائىر، يازغۇچى بولۇپ داڭ چىقىرىپتۇ. بەزىلىرى بايلىق توپلاپتۇ. قەۋەتلىك ئىمارەتلىرى، سودا سارايلىرى بار ئىكەن. ھەر قەدەمدە ماشىنا - پىكاپ بىلەن سەيلە - ساياھەتتىن قالمايدىكەن. مانا بۇلار تازا تەلەيلىك، پېشانىسىگە بەخت قۇشى قونغان كىشىلەر - دە، ئىسسىت! بىز ئىشىمىز بۈگۈن ئوڭلىنار، ئەتە تۈزىلەر دەپ ئۆزىمىزنى ئالداپ، مۇشۇ تۇپراقتىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەپتىمىز. يىگىت بولغاندىكىن تەۋەككۇل كېمىسىگە چىقىپ «يا ئال خۇدا، يا بەر خۇدا» دەپ ئۆزىمىزنى دوغا قويۇپ، يۇرتتىن چىقىپ تەلەي سىنىغان بولساقمۇ بولاركەنتۇق، مانا ئەمدى تۇرقىمىز مۇشۇ. ئەپسۇس! چەتئەلدە ئۇرۇق - تۇققىنىم ياكى ھېچ بولمىغاندا دوست - بۇرادەرلىرىم بولسا ئىدى، ھازىر بولسىمۇ تەكلىپ ئالدۇرۇپ چەتئەلگە چىقىپ، كېيىنكى ئۆمرۈمنى راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزۈۋالاتتىم - دە.... دەپ ئويلايتتىم.

خۇشاللىقىم چەكسىز! قارىماسىلەر، ئاخىر زامان بولغاندەك مەن نېمىنى ئويلىسام، شۇ ئالدىمغا كېلىپتۇ. بۇرۇنقى ساۋاقدىشىم مەۋلان چەتئەلدىن كېلىپتۇ. نېمە دېگەن ياخشى! يۈرەكلىرىم ھاياجان ئىلكىدە تەۋرىنىپ، خۇشاللىقىم ئىچىدىگە سىغماي قېلىۋاتاتتى. ئىسمايىل ئاكىنىڭ ئۆيىنى

نىشانلاپ شۇنچە تېز ماڭسامۇ يول ئاۋۇمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كوچىدا كىشىلەر كۆپ ئىدى. لېكىن ئۇلار كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتى، پەقەت مەۋلاننىڭ ئوبرازىلا گەۋدىلىنەتتى. مەۋلان بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر، يىللار كىپەنگە ئوراپ قارا يەرگە كۆمۈۋەتكەن ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا مەۋلان 24 ياشلارغا كىرگەن، كۈچكە تولغان نەۋقىران يىگىت ئىدى. ئوتتۇرا بويلۇق، كۆكرەكلىك، يەلكىلىرى كەڭ، قوللىرى مۇسكۇللۇق بولۇپ، كۆرۈنۈشتە كىشىگە پالاكەت تۈيغۇسىنى بەرسىمۇ، ئەمەلدە ھەرىكەتتە چاققان، ئۆزى يەڭگىل ئىدى، تورنىكنى ياخشى ئوينايتتى، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

مەن مەۋلاننى 20 نەچچە يىل بۇرۇنقى ھالىتىدە قىياس قىلاتتىم. شۇ چىراي شۇ تۇرقىدا تونۇيتتىم. ھازىر تونۇيالايمەنمۇ - يوق، بىلمەيمەن. مەنغۇ تونۇيالامەن، ئۇ مېنى تونۇيالارمۇ؟ چەتئەلدىن كەلگەنلەر چوقۇم ھالى چوڭ، ھاكاۋۇر بولسا كېرەك. ئۇ مېنى تونۇمىسا ياكى مۇئامىلىسى سوغۇق، كىبرى ئىگىز بولسا مەيلى. مۇشۇ كۈنۈمگە شۈكرى قىلىپ سىڭگەن نېنىمنى يەۋېرىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى تونۇپ قېشىغا تارتسا، ھە، ئىش ئوڭدىن كەلگىنى...

مەن ئىسمايىل ئاكامنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن، ئېپقاچقۇ، دىغۇل خىياللار ئاسارىتىدىن ئويغىنىپ، سول تەرەپتىكى خالتا كوچىغا بۇرۇلدۇم - دە، ئىسمايىل ئاكامنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئۆيدە مېھمانلار كۆپ ئىدى. مەۋلان ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشقا چۈشكەنىكەن. مەن ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدۇم، ئۇمۇ مېنى تونۇدى. «روزى ئاداش» دەپ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە گويا قانات چىقىرىپ ئۇچماقچى بولغاندەك قوللىرىنى كەڭ يايدى، ئالدىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى. بۇ چەتئەللىكلەرچە كۆرۈشۈش بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ مەنمۇ ئۇنى دوراپ ھەرىكەت قىلدىم. دەقىقە ئۆتمەي مەن مەۋلاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى سىلكىنىۋاتقانلىقىنى، كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئېھتىمال مۇنچىلىك قىلالمىدىكىنە. مەن شادلىققا تولغان كەيپىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ چىرايىغا قارىدىم.

— سېغىندىم سىلەرنى ئاداش! — مەۋلاننىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم. مەن ئۇنى قايتا باغرىمغا باستىم. ئەمدى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىنمۇ دوستۇمنى سېغىنغانلىق تۇيغۇسى بۇرقۇپ چىقىشقا باشلىدى.

بىز بىر ھازادىن كېيىنلا سېغىنىشلىق ھاياجىنىغا تولغان مەستخۇشلۇقتىن ئويغاندۇق. ئىككىمىز ئورۇندۇقتا روبىرو ئولتۇرۇشۇپ ھال - ئەھۋال سوراشتۇق.

مەۋلان ئۆزىنى خوشال تۇتۇشقا تىرىش-
سىمۇ، چىرايىدىن بىر خىل مىسكىنلىك
چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە مۇڭ ئىپادى-
لىنەتتى. مەن بۇنى پەقەت سەپەر ھارغ-
دۇقى دەپ چۈشەندىم. مەن مەۋلاننىڭ
تەقى - تۇرقىغا نەزەرىمنى بۇرىدىم. ئۇ
غەرىبچە كىيىنگەنىدى، تېخىمۇ سەمرىپ
قالغاندەك قىلاتتى. يەنە پىشانىسىدە قو-
رۇقلار پەيدا بولۇپ، چاچلىرىغا ئاق ئا-
رىلاپتۇ، بۇ ئۇنىڭ چەتئەلدە جاپا چەك-
كەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكىم يىللارنىڭ
يالدامىسى، ياشقا چوڭايغانلىقىنىڭ ئالا-
مىتى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

بىز كىچىككىمىزدىنلا مۇڭداشقاق ئى-
دۇق. بۇ يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە
ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە ھېكايە
قىلىپ بېرىدىغان، كۆڭۈل ئەستىرىمىزدە
ساقلىغان سۆزلەر، تەسىراتلار تاغدەك
دۆۋىلەنگەن - دە. خۇمارنى چىقىرىۋالما-
ساق بولامدۇ، شۇڭا بىز ئايرىم ئۆيگە
چىقتۇق. مەن ئۆز ھەۋىسىم بويىچە مەۋ-
لاندىن چەتئەلدىكى باياشات تۇرمۇشتىن
سۆز ئۈنچىلىرى تىزىپ، مېنى روھىي جە-
ھەتتە ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلدىم.
ئەپسۇسكى، قانداقتۇر بىر مەخپىي سىر-
نى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قى-
لىۋاتقاندەك، مەۋلان بۇ ھەقتە ئېغىز
ئاچماي، مېنى ۋەتەننىڭ يېڭىلىقلىرى،
يۇرتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى سۆزلەپ بې-
رىشكە قىستايتتى. مەن يۇرتىمىزنىڭ كى-
چىككىنە يېڭىلىقىنى ياكى بىرەر ئۆزگى-
رىشىنى تىلغا ئالسام، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ
قورۇنۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ۋەتەننىڭ ھەر
بىر يۈكسىلىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇۋات-
قانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم، ۋەتەننىڭ بۇ
يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلىرى مېنىڭ نەزە-
رىمدىكى چەتئەلدە مەيدانغا كېلىۋاتقان
كارامەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇ-
چىلىكى يوق ئىدى. شۇڭا مەن گەپنى
ئۆز مۇددىئايىمغا بۇراپ:

— دوستۇم مەۋلان، چەتئەلدىكى كۆڭۈل-
لۈك تۇرمۇش، بەختلىك ھاياتىڭنى ئا-
غىنەڭدىن قورۇنماسەن. ئۇنداق بولغان-
دىكىن، سۆزلەپ بېرىپ مېنىمۇ خىيالىي
لەززەتلەندۈرمەمسەن، — دېدىم.

مېنىڭ سۆز تەلەپپۇزۇم كەلگۈسىگە بول-
غان خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە ئۈمىدكە تول-
غان قۇرۇق خىيال دولقۇنى ئىچىدە ئو-
زۇپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ روھىي ھالى-
تىگە ئوخشىمايدىغان تەلەپپۇز ئىدى. مەن
مەۋلاننىڭ چەتئەلنى تونۇشتۇرۇشىدىن ئا-
شۇ خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە قۇرۇق خى-
ياللارنىڭ رېئاللىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قى-
لاتتىم. لېكىن مەن مەۋلاننىڭ چىرايىدىن
غالىب - مەغرۇرلۇقنى كۆرمىدىم. بەلكى ئۇ
كىرپىدەك قورۇنۇپ، نېمىگىدۇر قىسىلى-
ۋاتقاندەك قىلاتتى. مەۋلان تىنىق كۆز-
لىرى بىلەن ماڭا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك
تىنىدى ۋە ئىلاجىسىز قىلىۋاتقاندەك ئې-
غىزلاندى:

— روزى ئاداش، چەتتىكى كونۇمنى
سۆزلىگۈم يوق ئىدى، سويلەۋەردىڭ.
سۆزلەپ بېرەي. گەپنىڭ قىسقىسى يامان
ئەمەسمەن. — ئۇنىڭ جىددىي چىرايىدا

سۇس كۆلكە جىلۋە قىلدى،— ھازىر ئاي-
رىم ھويلام، بىر پىكاپىم، بانكىمدا پۇلۇم-
مۇ بار. زامانغا لايىق ئۆي تۇتۇپ يا-
شاۋاتىمەن...

— ياخشى، ياخشى، كىچىككىنىدىلا جىن-
گىلىك بار ئىدى، ئەپلەپسەن ئاداش،
ياشىۋال دوستۇم. ھە، سۆزلە قۇلىقىم سەن-
دە،— دېدىم مەن تاقەتسىزلىك بىلەن
مەۋلاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— نەگىلا بارما قازاننىڭ قۇلىقى تۆت
ئىكەن. ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن. شۇنى
كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئىككىمىزنىڭ تۇر-
مۇشىدىكى پەرق چوڭ ئەمەسكەن. مەندە
بار نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى سەندە يوق،
سەندە بارلىرى مەندە يوق بولۇشى مۇم-
كىن. پۇل بىلەنلا بولىدىغان ئىش بول-
سا سەن بىلەن مەن چوقۇم كەم - كۈستى-
مىزنى تولۇقلىۋالالايمىز. ماددىي بايلىق
قانچە كۆپ بولسىمۇ شۇنچە ياخشى. لې-
كىن ماددىي بايلىق ھەرگىز مەنىۋى
بايلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەن. سەن
ئاشۇ بوز تورغاينى ئالتۇن قەپەزگە سو-
لاپ، ئېسىل نېمەتلەرنى بېرىپ ئەتىۋار-
لاپ باقساڭمۇ، ئۇ ساڭا سايراپ بەرمەي-
دۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانى —
ئېتىزلىقلار، شىۋاقلىقلارغا قويۇۋەتسەڭلا،
ئۇ ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ سايرايدۇ.
سېنىڭ ئاتاڭ كۆرۈمسىز، دۆك بولسىمۇ
«ئاتا» دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىسەن،
ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى قوبۇل قىلىسەن.
لېكىن باشقىلار شۇنچە ئەتىۋارلىق، سا-
لاپەتلىك ئەمەلدار بولسىمۇ «ئاتا» دېيىش-
كە كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدۇ. چەتتە پۇل تې-
پىلىدۇ، ۋەتەن، يۇرت تېپىلمايدۇ. ئۇرۇق-
تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر تېپىلمايدۇ،
ئۇلارغا بولغان سېغىنىشنى يەڭگىلى بول-
مايدۇ. ئىلاجى بولمىغاندا پەقەت چىش-
نى چىشلەپ چىداش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن
باشقا، مەن چەتئەلدە ياشاپ ئىنتايىن
مۇھىم بىر نەرسىنى يوقاتقىلى تاس قال-
دىم. بۇنى ئويلىسام گويا يۈرىكىمگە
يىڭنە سانجىلغاندەك ئازابلىنىمەن...

مەۋلاننىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىل-
غانىدى. لەۋلىرى تىترەپ تۇراتتى. جىد-
دىيلەشكەن، سارغايغان چىرايىدىن ئازار
يېگەن كىشىنىڭ چېكىدىغان پەريادلىرى،
ئۈمىدسىزلىكلىرى ۋە ئازابلىرىنىڭ كۆ-
لەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي بىر ھازا-
غىچە تۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا
مېنىڭدە بىئاراملىق، قىسىلىش تۇيغۇسى
پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇنى كۆڭۈلسىز
ئەھۋالدا قالدۇرغىنىمغا ئەپسۇسلاندىم.
لېكىن مەۋلان ئەمدى چەتئەلدە بېشىدىن
كەچۈرگەنلىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە
بەل باغلىغان بولسا كېرەك. ئۇ تەمكىن-
لىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— روزى ئاداش، سەن، مەن ۋە بار-
لىق ئىنسان ئانىنىڭ پۇشتىمىزغۇ،
شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئانا — ئۆز تېنىدىن
بۆلۈنۈپ چىققان پەرزەنتىنى ئەزىز جېنىدىن
ئارتۇق كۆرىدۇ، بەخت - سائادىتى ۋە قە-
دىرلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىپ پەرزەن-
تىنى چوڭ قىلىدۇ. مۇكەممەل، ئەقىللىق

ئادەم قىلىپ يېتىشتۇرۇشكە تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ پەرزەنتى بەزىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانا ئۇنى ئەيىبلەشكە، تەنبىھ بېرىشكە ھەقلىق، ئەپسۇسكى ئانا بەزىدە پەرزەنتىنى ناتوغرا ئەيىپلەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن، مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا پەرزەنتى ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟

مەۋلان مېنىڭدىن جاۋاپ تەلەپ قىلىۋاتقاندەك قارىدى، مەن ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— نېمە دېمەكچىسەن دوستۇم، ئانا بەزىدە ئۇرۇپمۇ قويۇشى مۇمكىنغۇ، سەن تاياقنىڭ زەربىسىدىن يىغلىساڭ، ئانا ھەقلىق بولسىمۇ ساڭا قوشۇلۇپ يىغلاپ كېتىدۇ تېخى. ئانا سېنى بىرەر - ئىككى قېتىم ناتوغرا ئەيىبلەپ قويغانغا نېمە بوپتۇ. ناتوغرا ئەيىپلىگەنلىكىنى سەزگەن ھامان ئانا يەنىلا باغرىنى كەڭ ئېچىپ قوينىغا ئالىدۇ، بېشىڭنى سىلايدۇ، سەۋر قىلىش كېرەك - تە، — دېدىم.

— شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — مەۋلان ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ ئۆزىنىڭ تورۇسىغا تىكىلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇنى ئېغىر ئېلىپ كېتىپتىمەن. ئانىنىڭ باغرى قاتتىقلىقىدىن رەنجىپتىمەن.

مەۋلان تورۇستىن كۆزىنى ئېلىپ ماڭا قاراپ تىكىلدى، ئۇ كۆز چاناقلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتىۋېتىپ:

— مەن ئەينى ۋاقىتتا ئانا ۋەتەندىن كۆڭلۈم رەنجىپ كېتىپ قالغانىدىم. ئاچچىقىمدا «يۇرتۇمغا قاراپمۇ ئولتۇرماسمەن» دېگەن ئىدىم، شۇڭا مەندە ئانا ۋەتەن، يۇرت، مىللەت تۇيغۇسى، ھېسسىياتى قالمىدى. چەتكە چىققىنىمدە، ئانا تىلىمنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتىم. چەتئەلنىڭ تىلىنى ئۆزەملا ئۆگىنىپ قالماي، بالىلىرىمنىمۇ شۇلارنىڭ مەكتىپىگە بەردىم. مۇشۇنداق قىلسام تۇرمۇشتا ھېچنىمىدىن قىسىلىپ قالمايمەن دەپلا ئويلىغان ئىكەنمەن. مەن بۇ يەردە چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىش مېنىڭ سەۋەنلىكىم دەۋاتقىنىم يوق. بىر قانچە خىل تىلنى بىلىشنىڭ پايدىسى بار. ئۇنى چوقۇم ئۆگىنىش كېرەك، تۈپ مەسىلە نېمىدە دېسەڭ، ئاچچىقىمغا پايلىماي ئەسلىمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمدا ئىكەن. چوڭ قىزىم ھەسەلخان ئالىي مەكتەپكە چىققان يىلى 83 ياشلىق دادام كېسەل بولۇپ سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا مېنى ئالدىغا چاقىردى:

— ئوغلۇم مەۋلان، مەن سېنى پانا تارتىپ خەقنىڭ يۇرتىغا كەلدىم، يەرلىكىم مۇشۇ يەردە قالىدىغان بولدى، بۇمۇ تەقدىر. سېنىڭدىن رەنجىمەيمەن، مېنىڭ ساڭا ئېيتىپ قويىدىغان بىر سۆزۈم بار، شۇنى دەۋالاي. بىلىپ قوي، بىزنىڭ يىلتىزىمىز، ۋەتىنىمىز بار، ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ھايات قالىدۇ، ۋەتەن قالىدۇ. سەن ياخشى ئادەم بولاي دېسەڭ، ھاياتىنى، ۋەتىنىنى سۆيۈشۈڭ كېرەك. ئانا يۇرتۇڭ-

نى، ئانا تىلىڭنى ئۇنتۇما. بۇ يەرگە كېلىپ مېنىڭ سىلەر بىلەن ئورتاق تىلىم بولماي قالدى. ئۆزەڭنى بىلەرسەنمىكىن دېسەم بىلمىدىڭ. سەنغۇ ئەقلىڭنى تاپارسەن. ئاشۇ بالىلىرىڭ قانداق بولار. خەير، خۇداغا ئامانەت...— دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، يۈرەك تارلىرىمنى تىترىتەۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا هوشۇمغا كەلدىم. دادام هايات يىلىلىرى هوشۇمنى شەيتان ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ. ئويلاپ باقسام، دادامدىن باشقىلىرىمىز ئانا تىلىمىزدا سۆزلەشمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىكەنمىز. بىز سۆزلەشكەندە دادام ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋېلىپ، مۇشۇككە ئوخشاش كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولسا كېرەك، دادامىمۇ مۇشۇكنى ئويىنىتىپ ئانا تىلىمىزدا سۆزلەپ قوياتتى. بىز ئۇنىڭغا رەنجىگەندەك قىلىپ كۆزىمىزنى ئالايتىپ قوياتتۇق. شۇنداق قىلىپ مەن ۋە مېنىڭ بالىلىرىم تۇرۇۋاتقىنىمىز خەقنىڭ يۇرتى ئىكەنلىكىنى، سۆزلىشىۋاتقىنىمىز ئانا تىلىمىز ئەمەسلىكىنى بىلمەي قالدۇق.

قىزىم هەسەلخان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئۇنىڭ يېشى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى، ئۆيلۈك بولىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىر كۈنى مەن هويلىمىزدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، قىزىمىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئويغا چۆكۈپ قالدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا هەسەلخان خۇددى مېنى كۆرسۈن دېگەندەك يىگىتىنى باشلاپ هويلىمىزغا كىرىپ كەلدى. قىزىم ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ماڭا تونۇشتۇردى.

— دادا، بۇ يىگىت خىزمەتدىشىم بولىدۇ، ماڭا بەكمۇ كۆيۈنىدۇ. قانداق، سىزلىگە ياقامدۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ كۈلدى ۋە مېنىڭدىن جاۋاپ كۈتتى.

ئەگەر مەن «ياقىدۇ» دېسەملا، هەسەلخان بۇ يىگىتنىڭ پېشىگە ئېسىلىدىغاندەك ئىدى. دادامنىڭ ۋەسىيىتى ماڭا مەدەت بولدى، غورۇرۇم ۋە ئېپتىخارىم ئورغۇدى. شۇ يەردىلا قىزىمنى سىلكىۋەتمەكچى بولدۇم. چوڭقۇر ئويلاپ كۆرسەم قوپاللىق قىلسام بولمىغۇدەك. ئاخىرى زۇكام بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزدۇرۇپ، قۇرۇق يۆتىلىپ تۇرىۋالدىم. قىزىمغا پەقەت «تونۇشقىنى ئۆيگە باشلا» دەپ ئىشارەت قىلدىم. مېھمان قايتقاندىن كېيىن، مەن هەسەلخاننى يېنىمغا چاقىردىم ۋە:

— قىزىم، سىز ئۇيغۇر قىزىغۇ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپ چەكچەيدىم.

هەسەلخان ئۆزىنى تۇتىۋېلىشنى بىلىدىغان، ئاتا - ئانىسىغا هۆرمەت قىلىدىغان، تۇراقلىق، ئەقىللىق چوڭ بولغانىدى، ئۇ سوئالىمدىن ئەجەپلەنمىدى ۋە ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— شۇنداق دادا، مەن ئۇيغۇر قىزى ئىدىم، ئۇيغۇر قىزى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. هازىر مېنىڭ قېنىم ئۇيغۇرنىڭ قېنى. رەڭگى - رۇخسارىم ئۇيغۇرنىڭ نەسلىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن تىلىم، قەلبىم

ئۆزگىرىپ كەتتى. دادا، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىبلىكمىدىم؟ — دەپ ماڭا تىكىلدى. قىزىمنىڭ قارشىدا بىر خىل ئېچىنىش، نارازىلىق بار ئىدى.

ھەسەلخاننىڭ ماڭا ئاتقان سوئالى پولاتتىن قاتتىق، تەگرىتېغىدىن ئېغىر ئىدى. مەن يانچىلىپ كۈكۈم - تالقان بولۇش ھالىغا كەلدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم غال - غال تىترەپ، چىشلىرىم چاكىلداپ، ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. توۋا، ئەمدى بىلدىم! مېنىڭ بالىلىرىمدا ئۆز مىللىتى، ئانا تىلىغا نىسبەتەن زەررىچىلىكمۇ ھېسسىيات قالماپتۇ. سەۋەبلىك مەندىن ئۆتۈپتۇ، دادامنىڭ سۆزى توغرا ئىكەن. ئەمدى مەن بۇنى قانداقمۇ تۈزىتەرمەن؟ تۈگمەن تېشىدەك غەم - ئەندىشە بېشىمنى باستى. ئوي - خىيال بىلەن تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋەتتىم. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى دادا ۋەسىيىتى ئارام بەرمىدى، بەزى كېچىلىرى چۈشۈمدىن قورقۇپ مۈزدەك تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىمەن.

مەۋلان ئاخىرقى گەپلەرنى قىلغاندا ئاۋازى پەسلەپ، تۇتۇلۇپ - تۇتۇلۇپ سۆزلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان بىرنەچچە تامچە ياش يەرگە تېمىپ چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرىكىم لەرزىگە كەلدى. قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى ئۇرغۇدى. مەن بۇ ھېسسىياتنىڭ تەسىرىدە تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆز ئۇنچىلىرىنى مەجبۇرىي ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ مەۋلانغا تىكىلسەم، ئۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنىڭ مېنىڭ كۆزلىرىمدىمۇ ھېسسىداشلىق قوزغىغانلىقىنى كۆرۈپ قولۇمنى چىڭ سىقتى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى ئەتىگەنلا تۇرۇپ كەتتىم. شەرقتىن كۆتۈرۈلىدىغان قۇياش خۇددى ۋەتەننىڭ سىماسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغاندەك كۆزۈمنى ئۇپۇققا تىكىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

قىزىم ھەسەلخان خېلىدىن بۇيان كەيپىياتىمنىڭ ئوساللىشىپ خىيالغا پېتىپ يۈرگىنىمگە دىققەت قىلغانىكەن. «قانداق قىلسام دادامنى خوش قىلارمەن» دەپ كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى رادىئو پرىيىمنىڭ ئېسىگە كەپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ ماڭا سەزدۈرمەي، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىغا توغرىلاپ رادىئونى ئېچىپ قويۇپتۇ.

— ناخشا! مېنىڭ يېنىمدىلا ئۇشتۇمتۇت ناخشا ياڭرىدى. ئېيتىلىۋاتقىنى «زەپەرۇ ياخشى كەلدى باھار» دېگەن ناخشا ئىدى.

— دادا، مەن مۇشۇ ناخشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ مەنىسىنى بىلمەيمەن، — دېدى قىزىم قېشىمغا كېلىپ پىچىرلاپ كۈلۈپ. مەن خىيالدىن ئويغاندىم. بۇ، ماڭا ئىنتايىن تونۇشلۇق ناخشىچى پاشا ئىشاننىڭ ياڭراق ئاۋازى ئىدى. نېمە دېگەن شوخ، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشا - ھە! ناخشا بىشارەت

بەردى ــ شىنجاڭدا يېڭى باھار پەيزى ئەۋج ئېلىپتۇ. قىزىنىمۇ ئۇيغۇرچە ناخشىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ جىسمى ئۇيغۇر تۇرسا، ئۇيغۇرنىڭ نەرسىسىنى ياقتۇرمايدىغانمۇ ئىش بولامدىكەن. خەقنىڭ يۇرتىدا ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى، كىنوسى، تىياتىرى، ئەلنەغمىسى... بولمىغان بىلەن، يۇرتۇمدا كۆپ ئەمەسمۇ. يۇرتۇمنىڭ ھەيۋەتلىك، كۆركەم مەنزىرىلىرى، ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىچۇ تېخى.

ئېھ ۋەتەن! مەن بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەنىدىم. سېنى ئويلىمىغان، سېغىنمىغان بىر كۈنۈم بولمىدى. سېنى ياد ئېتىپ، گۈزەل جامالىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىلگەن قەلبىمنى باسالماي ھاراقكەشمۇ بولۇپ كەتكەنىدىم. مەنلا ئەمەس، نۇرغۇن ۋەتەنداشلار ئانا تۇپراقنى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولغانىدى. ئۇلار ۋەتەنگە بولغان تەشنالىقىنى «دۇنيا تىنچ بولسۇن، ۋەتەن گۈللەنسۇن» دېگەن سۆزگە يىغىپ رۇككا ئورۇشتۇراتتى. مانا ئەمدى ۋەتەندە يېڭى باھار يۈز ئېچىپتۇ. سۆيۈملۈك ۋەتەن، باھارىڭغا بارىكاللا! ـــ نەدىن كەلگەن كۈچ ـ قۇۋۋەتكىن. مەن كائىناتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكۈدەك ئاۋازىم بىلەن مۇشۇلارنى مۇراجىئەت قىلىپ ۋارقىراپ ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمەيمەن. ھۇشۇمغا كەلسەم ئايالىم، بالىلىرىم قېشىمدا كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ كۈلدۈم. ــ ئىمىشقا يىغلايسىلەر، خۇشال بولۇڭلار، كۈلۈڭلار، باھار ناخشىسى بىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى، ئۇمىد چىرىقى ياندى، ۋەتىنىمىزنى كۆرۈپ كېلەيلى، ـــ مەن ۋاقىتتەككۈردەك سۆزلەپ كېتىپتىمەن. ئايالىم ۋە بالىلىرىم مېنىڭ ۋەتىنىمنى كۆرۈپ، تۇققانلىرىمنى يوقلاپ، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ كېلىشىمگە مەسلىھەت بېرىشتى، تۇپتوغرا ئۈچ يىل ھەرىكەت قىلدىم.

ۋەتەن، يۇرتۇم يېڭىچە تون كىيىپتۇ، ھۆسنى جامالى تولۇقلىنىۋېتىپتۇ. ۋەتەن قوينىدا كۆڭلۈم يايرىدى. بازارلار مولچىلىق، ئاۋات ئىكەن، خەلق ئەركىن ـ ئازادە، تۇرمۇشى بايرامدەك ئۆتۈۋېتىپتۇ. روزى ئاداش، سېنىڭمۇ شۇنداقتۇ؟.

ئەمدى مەۋلاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ۋەتەن شەرىپىگە بېغىشلاپ سۆزلىگەن ئەسلىمىلىرى، سېغىنىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ گىرىماش خىياللارغا بەنت بولۇپ كەتكەن ئىكەنمەن. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قويغان سوئالى مېنى ئەنتەرىتىپ قويدى لېكىن جاۋاب بېرىشكە قىسىلغۇدەك يېرىم يوق ئىدى. شۇڭا مەن تەمكىنلىك بىلەن:

ـــ شۇنداق ئاداش، ھازىرقى كۈنىمىزدىن زارىمىز يوق. مەن سېنىڭ چەتتىن كەلگىنىڭنى بۈگۈنلا ئاڭلىدىم. بىزنىڭكىگە بىرىپ مېھمان بولارسەن، ـــ دېدىم قىزغىن كەيپىياتىم بىلەن.

ـــ ئۆيۈڭلەرگە بارىمەن دوستۇم، لېكىن بۇ يەردە داستىخان بەك چوڭ بولىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. نەگىلا كىرمەي، بىر مالنىڭ كاللىسى كېسىلىدۇ. داستىخان مېزىلىك نېمەتلەرگە تولۇپ كەتكەن، قاراپلا كۆزۈڭ تويۇپ قالىدىكەن. دوستۇم روزى، ئۆيىڭگە بارسام بەك ھەشەمەتلىك قىلما، خىجىل بولۇپ قالىمەن.

ـــ يىگىرمە نەچچە يىل كۆرۈشمىدۇق. ئاران بىر دىدار كۆرۈشكەندە خىزمىتىڭدە

بولمىساق بولامدۇ، — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەۋلاننىڭ بىلىكىدىن تارتتىم، — تۇر ئاداش، بىزنىڭ گۈلشەنگە بارايلى، دىلىمىز قانغىچە مۇڭدىشايلى، — دېدىم ئۇنى ئالدىرىتىپ.

— مەنمۇ سېنىڭ ئۆيۈڭگە بېرىشقا ئالدىراۋاتىمەن، ئولتۇرغىنا ئاداش. بىز ئاۋۋال مۇشۇ يەردە مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

مەۋلان مېنىڭ مۈرەمدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى. مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدىم. ئۇ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، سېنىڭ داداڭ ئەلنەغمىدە ھاپىز ئادەم ئىدى. سەنمۇ داداڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىدىڭ. ناخشىنى شوخ، لەرزان ھەم مۇڭلۇق ئېيتاتتىڭ. مېنىڭ ساڭا ئارتۇقچە تەلىپىم يوق. پەقەت «نازىركوم» نى ئېيتىپ بېرىشكە ۋەدە قىل، مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى لېنتىغا ئېلىۋالاي، بولامدۇ؟

— نازىركوم؟ — مەن ھەيرانلىق ھېس قىلدىم، — ئۇنى نېمە قىلاتتىڭ، ھازىر چەتتىن كىرىۋاتقان ھەر ياخشى...

— ياق. ھازىر ماڭا كېرىكى يۇرتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ نەرسىلىرى، — دېدى مەۋلان سۆزۈمنى چورتلا كېسىپ.

— ئورۇنلۇق، — مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم. مەن مەۋلاننىڭ ئاغزىدىن ۋەتەننى مەدھىيەلەيدىغان، يۇرتنى سېغىنغان سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدىم. ئۇ ماڭا ناھايىتى ئوبدان ۋەتەنپەرۋەرلىك دەرسى ئۆتتى. مەن مەۋلان بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن كۆڭلۈمدە ئويلىغان ھەۋەسلىرىم، ئىنتىلىشلىرىم ئارامىمنى قويمىغانىدى. مانا ئەمدى موم بىلەن يەملەپ قويغاندەك ئاغزىمنى ئاچالمايلا قالدىم. قارىغاندا بەزى نەرسىلەر ئالدىمىزدا تۇرغانلىقتىن قەدرىنى بىلمەيدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن ئايرىلسىلا بىلىنىدىكەن - دە. «كىشىنىڭ شەھىرىدە سۇلتان بولغىچە، ئۆز شەھىرىڭدە ئۇلتاڭ بول» دېگەن تەمسىل ھەق - راستىكەن جۇمۇ.

## ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى



مەھەممەت لەتىپ، 1940 - يىلى تورپان ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە شىنجاڭ كان تېخنىكوم (ھازىرقى سانائەت شۆبىسى) دە ئوقۇغان. 1958 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ھەربى قىسىمدا جەڭچى، كاتىپ، تەرجىمان، سەنئۇ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋەزىپىلىرىدە بولغان، 1982 - يىلى كەسپ ئالماشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسىدا باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

1975 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «جەڭگىۋار مېنىڭلار» شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىي بېتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن باشلاپ ھەربى تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى گېزىت - ژورناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان. 1972 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى يولداش مەھەممەت پولاتنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى بىلەن بىللە «چىن دوستلۇق» ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

مەھەممەت لەتىپنىڭ «چىن دوستلۇق» ھېكايىسى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. «ھايات بەيگىسىدە» «ئىمام سايلىمى» ھېكايىلىرى مۇكاپاتلانغان.

«چىن دوستلۇق»، «دېھقانغا بەرىكەتتۇ»، «ئاقىۋەت»، «پەزىلەت»، «ئۈزۈمزارلىقتىكى بۇلاق تۈۋىدە»، «ئىمام سايلىمى» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.



# خالىدەنىڭ تاللىشى

ئالىم مۇقىت

«سالام، قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئاسىم!

خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدىن كېيىن، ئۇندۇرمە قىلالمايۋاتقان قەلب سىرلىرىمنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىنىڭدىن مىننەتدار بولدۇم. رەخمەت!

خېتىڭنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈرىكىمگە دىئاگنوز قويماقچى بولۇپسەن. ئۇنداق بولسا، كۆپىنچە ئايالارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا مۇخالىپ بولغان ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەنمۇ سۆزۈمنى مەكتەپ ھاياتىدىن باشلىسام بولغۇدەك...

مەكتەپ ھاياتى كىشى ئۆمرىنىڭ ئەڭ شېرىن، ئەڭ جۇشقۇن، يارقىن خاتىرىلىك مەزگىلى بولغاچقا، بۇنداق ھېسسىياتنى مەكتەپ ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن كىشىگە سۆزلەش ھاجەتسىز. مېنىڭمۇ قەلبىم سىلەرنىڭكىدەك ئارزۇلارغا باي، ھېسسىياتقا تولۇق ئىدى. سىلەرنىڭ ماڭا بولغان يوشۇرۇن ئىنتىلىشىڭلارنى تۇيغۇن نەزەرىم سەزگەن چاغدا ئۆزەمدە تاكامۇللاشقان سىمايىمىنىڭ روھىمىغا بەرگەن ھۇزۇرىدىن قانائەتلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ قوللارچە مۇئامىلەڭلار مەندە ئۆزەم خالىمىغان بىر خىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ باردى. چۈنكى سىلەر مېنى پەرىشتە بىلگەندىن كېيىن مەنمۇ ئەرىشتە تۇرۇشۇم كېرەكتە. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ھەپتىنى، ھەپتە ئايلارنى قوغلىشىپ، بەش يىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئاخىرقى يىللاردا مېنى بىر خىل ئەندىشە قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇ بولسىمۇ يالغۇزلۇق! ھەممە قىزلار ساۋاقداش يىگىتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا يېڭى مەزمۇن بېغىشلايدىغان ھاياجانلىق

قەلبى خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەمما
مەنچۇ؟! مەن سىلەر چىقىرىپ قويغان
ئەرزىشتە ئىدىم. ماڭا سىلەردىن چەكسىز
ھۆرمەت ئاتا قىلىنىپ مۇھەببەتتىن قىلچە
ئۇچۇر يوق ئىدى. ھەممە ساۋاقداش قىز-
لار بىر-بىرلەپ ئىچكى سىرلىرىنى مېنى
ئورتاق قىلىپ ئاخىرلاشتى. ئۇلار جۈپ-
جۈپ بولۇپ مەكتەپ باغچىسىدا ئاللىقان-
داق ھېسسىيات، ئارزۇلىرىنى پىچىرلاپ
يۈرىشىدۇ. ياتاقتا يالغۇز ئۆزەم جىندەك
ئولتۇرىمەن. مەن ئاشۇ يالغۇز قالغان
چاغلىرىمدىلا، ماڭا بولغان ئارتۇقچە ھۆر-
مەتنىڭ ئېلىپ كەلگەن بەختسىزلىكىنى
سەزدىم. چۈنكى مەن كىشىلەر چوقۇنىدى-
غان بۇت ئەمەس، بەلكى، ھېس-تۇيغۇغا
ئىگە ئادەم! مەنمۇ نازۇك تۇيغۇلىرىمنىڭ
باشقىلار تەرىپىدىن غىدىقلىنىشى ئارقىلىق
روھىمغا بېغىشلانغان راھەتنى خالايتتىم.
مەنمۇ بىر شەخسنى ياخشى كۆرەتتىم
(قىزلىق غۇرۇرۇم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا
يول قويمىدى). ئەمما ئاشۇ شەخستىن
مۇھەببەت خېتى تاپشۇرۇپ ئالغان بەختى-
لىك ساۋاقداشىم سىرلىرىنى ماڭا سۆزلە-
گىلى كىرىپ قالدى. ئۇ—بەختىيار قانجۇق
سۆزلەۋاتىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىمنى بىر نەر-
سە قاماۋاتقاندەك، ئىچىمدە ئاچچىق بىر
نېمە ئۆرتەۋاتقاندەك بولۇپ كەتتىم. سا-
ۋاقداشلىرىم ماڭا ئىللىق چىراي كۆرۈ-
نەتتى. ئەمما شۇ سائەتتە كىراخمال ئۇ-
يۇتمىسىدەك (لەگپۇڭدەك) تىترەپ: «مەن
نېمە دېگەن بەختلىك، ئۇ نېمە دېگەن
قاملاشقان-ھە، خالىدە» دېگىنىدە، تۇن-
جى قېتىم، يېتىن ھەم گۇناھسىز ساۋاق-
داشىمدىن سەۋەبسىز يىرگىنىدىم. ئۇ ماڭا
بىراۋنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىنى ئۇستى-
لىق بىلەن ئوغرىلاپ كەلگىنىنى سۆزلەپ
بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باشقىلار سىرلى-
رىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندە خۇشاللىقى-
نى ئۇرتاقلىشىپ قۇچاقلاپ كەتكەن، خۇد-
دى ئۆزەم ياخشى كۆرگەن بىرسىنىڭ مۇ-
ھەببەت خېۋىرىنى ئالغاندەك شادلانغان-
دىم. ئەمما شۇ قېتىم بىلمەيمەن، ئىچە-
زىم تۇيۇقسىز ئۇساللىشىپ كەتتى. چان-
دۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاسما ئىشتار-
ژىركىدىكى كىتابلارنى قاراشتۇرغان بو-
لۇپ مۇنۇ سوئالنى قويدۇم:

— ئۇ سېنى بۇرۇنلا ياخشى كۆرەمتى؟

— ھەئە.

— مەسىلەن؟

— ئۆتكەن يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدىكى
مەكتەپتىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كۆڭۈل ئې-
چىش يىغىنىدا ئىككى تال كەمپىتنى جۈپ-
لەپ: «تېپىشمىقىم تېپىشماق، بۇ سىرنى-
ڭنى ئېچىپ باق. مەنىسىنى چۈشىنىپ،
ئاندىن ئۇنى تېپىپ باق» دەپ بېرىۋې-
دى، يانچۇقۇمدا ھازىرمۇ بار، شۇڭا...

— بولدى قوي، چۈشەندىم! سەن چىن كۆڭ-
لۈڭدىن ئىشىنەمسەن؟ — دېدىم ئاچچىقىم
بىلەن. لېكىن ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە پەرۋامۇ
قىلمىدى ۋە:

— ئۇنىڭ يۈرۈشى-تۇرۇشى پەزىلىتىدىن
مەلۇمغۇ؟ مەن بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ قويمى-
غان، — دېدى، مەن:

— راست سەن بەختلىك ئىكەنسەن،

ھېلىقى خەتلىرىڭگە مېنىڭ تەستىق سىيلىشىمنىڭ، ھال-مۇڭ ئېيتىپ كىرگەن بولساڭ تەسەللىي بېرىشىمنىڭ ھاجىتى بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭغا ئىچ-باغرىڭنى تۆكۈشلا قاپتۇ — دېدىم. ئۇ:

— توۋا! ماۋۇ خالىدەڭ. بۈگۈن ئەجەپ باشقىچە بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى-دە، ياتىقىمدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئويلىسام مەن ئۇنى سوراق قىلىپ كېتىپتىمەن. باشقا چاغلار بولسا ئۇ مېنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەر نەرسە گۈزەل ۋە ھەرقانداق سۆز يېقىملىق تۇيۇلۇۋاتقان بولغاچقا رەنجىمىگەنىدى. ئەسلىدە رەنجىۋاتقان مەن ئىدىم. كىشى قەلبىنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس-ھە؟! ئويلىنىۋاتىمەن، ئويلىنىۋاتىمەن. زادى ئەيىپ كىمدە؟ ئۇمۇلۇپ قېلىشتىن كېلىدىغان كۆڭۈلسىزلىك ئېغىر ئىكەن. بولۇپمۇ مېنىڭدەك مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابىنى تارتىپ باقمىغان مەغرۇر قىزنىڭ ئۈمىدسىزلىكى خۇددى ئەجىر قىلىپ ھوسۇل تەگمىگەن دېھقاننىڭ، مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويغان چېمپىيوننىڭ كۆڭلىدەك ئوساللىشىپ كېتىدىكەن.

ئاخىرى، ئوغۇللاردىن نائىل بولۇڭ (قويغان لەقەملىرىنى كېيىن چۈشەندىم) لا تەنھا ئىكەن. مەن ئاشۇ دائىم بۇلۇڭ-پۇچقاقتا كىرىۋېلىپ، زورۇقمىسا زېھنى ئۆتمەس نائىلنى تاللىدىم. قانداق؟ سىلەر ئورما ئورساڭلار، مەن باشاق تېرىپتىمەنمۇ؟

بىر كۈنى نائىلنىڭ مەكتەپ دەرەخزارلىقىدا دەرس تەييارلاپ ئولتۇرغان چېغىدا يېنىغا ئاستا باردىم ۋە:

— نائىل، بىز ئۇزۇن يىل بىرگە ئوقۇدۇق. لېكىن بىر-بىرىمىزنى دېگەندەك چۈشىنىپ يېتەلمىدۇق. شۇڭا، ئاخىرقى كۈنلەردە بولسىمۇ بىر-بىرىمىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلسام قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ — دېدىم.

ئۇ ئۈن-تىنسىز ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. بەلكى سوئالىمغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى.

مەن دائىم ئۇنى ئىزدەپ تېپىۋېلىپ، دەرسلەرنى بىللە تەكرار قىلىشقا زورلايتتىم. ئۇ بولسا ئۆزىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا «تەسىر ئۆتكۈزۈش» ئۇسۇلى بىلەن ئادەتتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدۈم-دە، ئاساسىي مۇددىئاغا ئۆتتۈم:

— نائىل، مەن سەن بىلەن كېتەيمىكىن دەيمەن. چۈنكى مەن دۇنيادىكى بار گۈزەل جايلارنى ياخشى كۆرىدىغان تەبىئەت شەيداسى قىزمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساڭا ياردەم قىلدىم. ئەمدى سەن ماڭا ياردەم قىلىشىڭ كېرەك، — دېدىم ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن.

— مەن سىزگە قانداق ياردەم قىلالايمەن؟ — دېدى ئۇ ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن دۇدۇقلاپىراق.

— قانداق ياردەم قىلاتتىڭ، تەقسىمات جەدۋىلىنى بىرگە تولدۇرىمىز. مەكتەپ

رەھبەرلىكىگە ئىككىمىزنى بىر ئورۇنغا تەقسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز. ئەگەر بولمىسا «بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. تەقسىم قىلىنغان يەرگە بارغاندىن كېيىن توي قىلىپ، ئىككىمىز بىرلىكتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دەيمىز. رەھبەرلىك ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، — دېدىم. ئۇ:

— خالىدەم، ئەگەر ئىككىمىزنى بىر يەرگە بۆلۈپ قويسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. مەن:

— قانداق قىلاتتۇق، بايا دېگىنىمىزدەك قىلىمىز، يەنى توي قىلىمىز. سەن ماڭا ئاشۇنداق ياردەم قىلامسەن، — دېدىم كەسكىن قىلىپ،

نائىل چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— خالىدە، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئويناتماڭ! — دېدى ئۇ ھودۇققان ھەم يالۋۆرغان تەلەپپۇزدا.

— سەن مېنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ — دېدىم جىددىي تەلەپپۇزدا.

— سىز... سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالمايدىغانمۇ كىشى بارمىدۇ. سىزنى ھەممە ساۋاقداشلار ياخشى كۆرىدۇ! — دېدى ئۇ.

— مەن ھامان بىرسىگە مەنسۇپ بولۇشۇم لازىم، ھەممىسىگە ئەمەس ئەلۋەتتە.

مەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى ئالقىنىمغا ئالدىم. ئۇنىڭ مۇھەببەت ھارارىتى تەمىن ئەتمىگەن سوغۇق قوللىرى تىترەيتتى.

ئاسىم، سەن مۇشۇ قۇرلارغا ئىشىنەر-سەنمۇ؟ مەن يالغۇزلۇق ۋەھىمىسىدە ئاشۇنداق ئەسەبىيلەشكەنىدىم.

مەن ئۇنى خۇددى يېتىمغا يار - يۆلەك بولغان مۇرەببىيدەك باشلاپ ئۆگىتىپ يۈرۈپ، ھەممە ئىشنى توغرىلىدىم. بىزنى دائىم بىللە كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ھەۋەس قىلىشسا، كۆپلىرى ھەسەت قىلىشتى. مېنىڭ كۈتكىنىممۇ ئەنە شۇ ئىدى.

تەغدىرنىڭ مۇھەببەت تەقسىماتىدا تەقسىم قىلغىنى مۇشۇ نائىل ئوخشايدۇ. ئاخىرى نائىلنىڭ يۇرتى بولغان ×× ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىندۇق. تۈۋا، ئامەت كەلسە قوش كېلىدۇ دېگەندەك، نائىلنىڭ دادىسى قول ئىلكىدە ۋەجىسى بار كىشىلەر ئىكەن. پاي قوشقان يىلقىلىرىدىن ئۆسۈم پۇلى كېلىپ، تۇيۇقسىزلا بايۋەچچىگە ئايلىنىپ قالدى. پۇلغا مۇھتاج بولمايلا توي قىلدۇق. كىشى ئۆمرىنىڭ ئەڭ خوشال، ئەڭ تەنتەنىلىك بۇ كۈنى ماڭا باشقىلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپكە سىرتتىن قاتناشقاندەكلا تەسىر قىلدى. چۈنكى مەن ئەتىدە تارىسى ئۈزۈلگەن، رايى يانغان قىزمەن. مېنى تارى بوشىتىلغان چالغۇغا ئوخشاتسا بولىدۇ. ئەنە شۇنداق چالغۇنى چالسا سادا چىقامدۇ؟! مېنىڭ كەيپىمدە توي تەنتەنىسى يوق، پەقەت باشقىلارنىڭ ئويۇن-كۈلكىلىرىنى كۆرۈپ ئازراق ھوزۇرلاندىم. بىراق يەنىلا مېھمانلار ئىچىمىدىن ھېلىقى قاغىش تەگكەن ماختاش سۆزى بىلەن بىرى چاقچاق باشلىدى:

— پاھ، كېلىن قىز سۈت بىلەن يۇ-

غۇرغاندەك سۇزۇك ئاقكىنە!

—ناۋات بىلەن يۇغۇرغاندەك سۇزۇككىنە!

—ھا...ھا...ھا...ھا!

—مەڭزىڭگە گۈل بەرگەندىن ھەل بېرىپتۇ!

—مېغىزدا زىناق چىقىرىپتۇ!

—ئاھ خۇدا، تويغا كەلمىسەم بوپتىكەن!...

مەن نائىلغا قارىدىم. ئۇنىڭدا ھېچقانداق رەنجىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

كالىندار ۋاراقلىغاندەكلا ئىش: توي قىلدۇق، ئۆي تۇتتۇق. نائىل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، مەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمىز...

ئىشتىن چۈشكەندە نائىل ئۆيگە مېنىڭدىن بالدۇر كېلىۋېلىپ ئۆي ئىشىنى تۈگىتىپ قويىدۇ. ئايالىلارنىڭ مۇقەددەس ئىشى— ئۆيىنىڭ ئىشى. ئارزۇسى—كىيىم-كېچەك ئېلىش، ياسىنىش ئارقىلىق گۈزەللىكتىن بەھرى ئېلىش.

مانا ھازىر خالىغىنىم ئالدىمدا. خالىمىغىنىم كەينىمدە—تەييار تاماق مېنى ھورۇن، مەشچان خېنىمغىلا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. بىر خىل تەكرارلىق ئىچىدە ئارزۇ - ئارمانسىز ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟! خۇددى توختام سۇدا تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتقان بېلىقتەك ئۆتۈۋاتىمىز. زېرىكىشتىن ئۆلەي دېدىم.

بىر كۈنى مەن نائىلغا:

—بۇ ئۆي ئىككىمىزنىڭ مېڭىپ يۈرگەنلىكى، تاماق يېگەنلىكىنى ھېساپتا ئالمىغاندا بەئەينى كۆرگەنلا ئوخشاپ قالدى،—دېدىم.

—قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟—دېدى ئۇ.

—قانداق قىلاتتۇق، ئۆينىڭ يېرىمىغا مېھمان ۋاراك - چۇرۇك بىلەن ئۆتمەيمىزمۇ؟

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيىمىز جانلاندى؛ غىلى تۇردى. جەمئىيەت دېگەن ئىجتىمائىيلىقى بىلەن قىزىقكەن: مېھمانلارچىلىق، مېھمانلار قىلىشىدىغان پۈتۈن ئالەمنىڭ گەپلىرى، تەۋەززۇ - تازىملار، يېتىرقاش-يېقىنچىلىق، رەنجىش - رام بولۇشلار، تانسا - مۇزىكىلار ئائىلىمىزگە ۋە روھىمىزغا بىر خىل ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى.

ئەنە شۇنداق شاۋقۇنلۇق ئۆتىۋاتقان كۈنلەردە، مېھمانلىرىمىزدىن بەزىلىرى بىز بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكىنىگە پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە بەزى ئەرلەرنىڭ نائىلغا قارىغاندا ماڭا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاچ سىنچى بىلەن چىرايىمدىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىمىنى بايقاپ قالدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بەزىلەرنىڭ شەھۋانىي تاما بىلەن نائىلغا يېقىنلىشىپ مېنى قولغا چۈشۈرۈش شۇملۇقىنىمۇ سەزدىم. ئۇلارنىڭ تولىسى ئەمەلى بار «قولىدىن ئىش كېلىدىغان» ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بارلىق ئامالىرىنى ئىشقا سېلىپ، نائىلنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈۋاتاتتى—بۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆسۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن ھەممەتنىڭ تەكتىدە بىر سىر بارمىكىن دەپ دائىم

ئەنسىرەيمەن. پاكىتسىز نامەلۇم خەۋپتىن
نائىلنى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.
شۇڭا، نىيىتى دۇرۇس بولمىغانلارغا
سالقىن مۇئامىلە بىلەن، ئۇلارنى قىزىقـ
تۇرغان مەندىكى ئالامەتلەرنى يوق قىلىش
مەقسىتىدە قىياپەتتە لابدۇر بولىۋېلىپ
سوۋۇتقۇ تەسىرىنى بەرمەكچىدىم. بىراق،
نائىل ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ ساداقىتىم
ئۇنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇپتۇ. بىر
كۈنى نائىل ماڭا:

—ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمىسىڭىز بولاتتى.
كىمنىڭ ئايالى دېسە، نائىل كوچاڭنىڭ
ئايالى دەيدۇ، ئۆزىڭىزنى تۈزەپرەك... —
دېدى-دە، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

—ھە، نېمە دېمەكچى ئىدىڭ، ماڭا
باشقىدىن مۇھەببەت ئىزھار قىلماقچىمۇ-
يە؟—دېدىم خۇشاللىقىمدا چاقچاق قىلىپ.
چۈنكى بۇ ماڭا نىسبەتەن ئەرلىك سالا-
ھىيىتى بىلەن قىلىۋاتقان تۇنجى ئۆتۈ-
نۈش بۇيرۇقى ئىدى. كىشىلەر نېمە دەپ
شەرھىلىمىسۇن، ئاتلارنى ئايغىر، پادىنى
تېكە باشلايدۇ. ئايال بولغان ئىكەن،
ئۇنىڭ ھېسسىياتى، تۇرمۇش قارىشى،
خۇلۇق - ئادىتى ئايالچە بولىدۇ. ئۇلار
ئەرلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشنى ۋە
ھىمايىسى، تەرتىپى ئىچىدە ياشاشنى خا-
لايدۇ. شۇڭا ئاياللار چېچىغا قىسقۇچ،
قۇلىقىغا ھالقا، بىلىكىگە بىلەيزۈك،
بارماقلىرىغا ئۈزۈك سالىدۇ. بۇنىڭدىن
گۈزەللىكىنى، بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىش
بىلەن زىننەتلىنىش دېگەن مەنا چىقىـ
ۋاتقاندەك بولسىمۇ، چىن مەنىسى بىلەن
ئېيتقاندا، ئۆزىنى بىر خىل كونتروللۇق
ئىچىگە ئېلىش بىلەن كۆڭلى ئەمىن تا-
پىدۇ. مەنمۇ ئايال زاتى بولۇش سۈپىتىم
بىلەن ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى ئىچىدە
ياشاشنى خالايتتىم. ئەمما ئۇ ماڭا، ئەڭ
قەدىرلەيدىغان مۇئەللىمى ئالدىدا ئەيىبـ
لەپ يۈرىدىغان تارتىنچاق ئوقۇغۇچىدەك
مۇئامىلە قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى
ئەيىبلەپ ئاچچىقلىنىپمۇ باقتىم. لېكىن
ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس قۇللارچە ئىتائەتكار-
لىقى ئالدىدا كارغا كەلمىدى. شۇڭا ئۇ-
نىڭ ئۆتۈنۈش بۇيرۇقىدىن يېڭىلىق ۋە
خۇشاللىق ھېس قىلغانىدىم.

—خالىدە، خېلى ئۇزاق بولدى، ئۆيـ
دىن چىقماي زېرىكىپ قالدىڭىز، بۈگۈن
كەچ ھاكىم ئۆيىگە چاقىرىپتىكەن، سىزنى
ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. مېنى خۇشال
قىلىمەن دېسىڭىز، ئالاھىدە تەييارلىنىـ
ڭىز. بۇرۇنقىدەك خۇش چاخچاق بولۇڭ.
ئاشۇ سورۇننى بىر تاڭ قالدۇرۇڭ! ھەمـ
مىسى سىزگە ئاشىقلا بولۇپ كەتسۇن.
مېنى نېمىگە بۇيرۇيسىز، ئايىقىڭىزنى
مايلاپ قويايمۇ؟... نائىلنىڭ قىلىقلىرى
بىر تەرەپتىن غىجىنىمنى كەلتۈرۈپ ئې-
چىندۇرسا، بىر تەرەپتىن غەزىپىمنى كە-
تۈرەتتى. غەزىپىمنى زورغا بېسىپ كىنايە
قىلدىم.:

—بىرەرسى ئاشىق بولۇپ قېلىپ تەك-
لىپ قويسا قانداق قىلىمەن؟

—مەن قەدىرلىگەننى باشقىلارمۇ قە-
دىرلىسە بۇنىڭ يامىنى يوقتۇ؟ مەن
سىزدىن پەخىرلىنىدىغان تۇرسام،—دېدى.

«مەن ئۇنىڭ ئاسارە - ئەتىقىسى ئىكەنـ
مەن-دە!» دېدىم ئىچىمدە. مەن شۇ چاغدا
ئۆزەمنى پايانسىز چۆلدە يالغۇز قالغانـ
دەك ھېس قىلدىم. مېنىڭ ئېرىم يوق
ئىكەن. مېنى ھېمايە قىلدىغان، مېنى ئۆز
ئەمرىدىكى جۆرىلىك مۇھەببەت بىلەن
ئەتىۋارلايدىغان ئېرىم يوق ئىكەن! مەن
يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئۇ مېنىڭ
نەپرەت ۋە غەزەپ ئارىلاشقان ئەلپازىمنى
كۆرۈپ، ئۆز گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنلىـ
كىنى بىلمەي، قازىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ
كەتكەن جاۋاپكاردەك قورقۇپ ھاڭۋېقىپلا
قالدى. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ
دېگەندەك، ساڭا ھېچقانداق تاقابىللىقى
يوق كىشى بىلەن ئېيتىشىشتىن نېمە مەنا
چىقىدۇ؟ مەن نائىلىنىڭ ئەمرى بىلەن
ئىش قىلسام دەۋاتمەمدىغۇ؟ ئۇنىڭدا ئائىـ
لىمىزگە نىسبەتەن خوجايىنلىق تۇيغۇسى
پەيدا قىلىشىم كېرەك، دېگەن ئويـنىڭ
تەسەللىسى بىلەن رايىش بولۇپ مېھمانـ
دارچىلىققا تەييارلاندىم.

ئەمەلدارنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن ئولتۇـ
رۇش بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئويۇشتۇرۇلۇپتۇ:
مېھمانلارنىڭ كەيپىگە ئالىي دەرىجىلىك
ھەر خىل ئىچىملىكلەر، پەيزىگە ۋىلايەتـ
لىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ داڭدار ئارتىسـ
لىرى، ئىشتىھاسىغا توخۇ سوتىدىن باشقا
نازۇ-نېمەتلەر، مېھمانلارنىڭ خىزمىتىگە
چىۋەر ساھىبخانلار تەييارلانغانىكەن.

مېنىڭ بىلەن تانسا ئوينىمىغان
نائىل ۋە تانسا بىلمەيدىغان ئوچلا
ئەر قاپتۇ. مېنى تانسىغا ئەڭ كۆپ تەكـ
لىپ قىلغىنى ۋىلايەتلىك تىشۋىقات
بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان تولىمۇ خۇشچاقـ
چاق زەيىنىدىن دېگەن يىگىت بولدى.
ئۇ باشقىلاردەك تەپ تارتىپ تۇرمايلا
ئالدىمغا كېلىپ مۇنۇ سۆزلەرنى ئاجايىپ
كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن قىلدى:

— خانىم، كۆزۈمگە تۇرپاندەك ئىسسىق
كۆرۈندىڭىز، يالقۇنتاغدەك ھارارەتتە ئۆرـ
تەندىم. شۇڭا تەيفىڭ بورىنىدەك تەلۋىلىك
بىلەن ئالدىڭىزغا كېلىپ قولدەك ئىزلانـ
دىم. قولۇمدەك يۇمران قەلبىمگە، قوم
دانىسىدەك ئازار بەرمەي، ھاتەمدەك ئىلـ
تىپاتىڭىز بىلەن تەلىپىمنى يەردە قويـ
مىغايسىز...

ئۇ تانسا ئويناۋېتىپمۇ ئۇزۇلدۇرمەي
چاقچاق قىلىپ تۇردى. قارا، نىيىتى تۈز
ئادەملەر ماڭا نىسبەتەن ئاشۇنداق يۇـ
رەكلىك مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ چاقچاقـ
لىرىغا قېنىپ كۈلۈۋېتىپ نائىلغا دىققەت
قىلدىم: ئۇ خۇددى ئارتىسلىرىنىڭ گۈـ
زەللىكى ۋە تالانتى بىلەن ماختىنىۋاتقان
تىياتىرخانا خوجايىنلىرىدەك مەمنۇنىيەت
بىلەن ئولتۇراتتى. ۋالى بىلەن ئوينىمىغاندا
بولسا، ئۇنىڭ چىرايىدىن تەشەككۈر بىلـ
دۈرىۋاتقاندەك رازىمەنلىكنى سەزدىم.

راسا قىزىۋاتقىنىمىزدا، مېھمانلارنىڭ
تەنتەنىسىگە چاۋاك چېلىۋاتقاندەك تاـ
راسلاپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. مېھمانلارنىڭ
كەيپى ئازراق چېچىلغاندەك قىلىۋىدى،
ئارقىدىنلا قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلىپ تاـ
ۋاقلاردا ئېلىپ كېلىنگەن مېزىلىك پولوـ
نىڭ ھىدى ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى

داستىخانغا يىغدى.

—قېنى، مېھمانلار ئۈستەلگە يىغىلايلى، يامغۇرمۇ يىغىۋەرسۇن. غەم قىلماڭلار، ئاپىرىپ قويىدىغان ئاپتوموبىل بار،— دېدى ھاكىم.

ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھاكىمنىڭ شوپۇرى مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدى. مەنمۇ نۆۋەت كۈتۈپ خاتىرجەم ئولتۇراتتىم. بىراق نائىل كۆرۈنمەي قالدى. مەن ئۇنى تالاغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. مەن ھاكىمدىن نائىلنى سورىسام، ھاكىم:

—نائىل سىزگە بەكمۇ كۆيىنىدىكەن. ئۆزىگە سوغ تەككۈزىۋالمىسۇن دېگەندىن كېيىن سىزنى ئېلىپ قالدۇق. ئۆيلەر كەڭتاشا. خاتىرجەم ياتىراپ يېتىۋېلىڭ،— دېدى مېنى پۈتۈن يۇتىۋېتىدىغاندەك كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، مېنى شۇ چاغ بىر ئاز ئەندىشە باسقان بولسىمۇ، يېشى ئەللىككە يېقىنلىشىپ قالغان كىشىگە نىسبەتەن غەيرى گۇمانلارغا كېلىپ قالغىنىمغا خىجىل بولدۇم ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن:

—ئەتىگەندىن بۇيان بىسەرەمجان قىلغىنىمىزمۇ يېتىپ ئاشاتتى،— دېدىم.

—يوقسۇ، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، سىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا بولۇشىڭىزنى بۈگۈنكىدەك كۈندە، خانىمىزغا ئاپتاپ، كۆڭلىمىزگە شادلىق بىلىمىز. بەھۇزۇر ئۆز ئۆيۈم دەپ بىلىۋېرىڭ!— دېدى ھاكىم غەلىتە ھىجىيىپ.

ھاكىمنىڭ مۇلايىم ئايالى نىساخان ئۆزى بىلەن ماڭا ئورۇن راسلىدى. ئۇيقۇ نەدە دەيسەن؟ «نائىل مېنىڭ ئۈچۈنلا ياشايدۇ» دېگەن ھۆكۈمىم ۋە ئىچكى تۇيغۇلىرىمنىڭ مېنى ئالداپ قويغانلىقىنىڭ ئەلەمىدە ئىزتىراپ چېكىپ ياتاتتىم. غەزەپلىك پىكىرلىرىم چىگىشىشىپ كەتتى، گۈزەللىكىنىڭ ئۆزى بەخت دېيىشىدۇ. لېكىن گۈزەللىكنى ۋىجداندىن ئايرىپ تۇۋارغا ئايلاندۇرغاندا، ئاندىن ئۇنى بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «بەخت» دېسە بولامدىكىن، مېنىڭ گۈزەللىكىمنى تۇۋارغا ئايلاندۇرۇپ ئالغان نائىلغا نىسبەتەن ئىچ-ئىچىمدىن نەپرەت ئۆرلىمەكتە ئىدى! ئۇنىڭ ھىجىيىپلا تۇرىدىغان تەلەتى، يۇۋاش-يۇمشاقلىقى بەئەينى بەتبەشىرە يىلاندەك سۈرەتلەنمەكتە. (يىلانمۇ يۇمشاق بولىدۇغۇ؟) ئۇ مېنىڭ پۈتۈن ئەزايىمغا چىرمىشىپ ئالغاندەك سەسكىنىمەن. ئۇيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم. تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە شىپىلداپ كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ سەگەكلەندىم. ئارقىدىنلا كۆكسۈمگە بىر قول، دىمىقىمغا ھاراقنىڭ بۇسى ئۇرۇلدى.

—كىم؟!— دېدىم چۆچۈپ ئولتۇرىۋېلىپ.

—خېنىم، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ ئۇھ تارتىپ ئۇخلىيالمايۋاتىسىز، دەردىڭىزگە دەرمان بولاي دەپ...— ھەسىرەپ ھەم تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋاز ھاكىمنىڭ ئىدى. قاراڭغۇدا ئاۋاز چىققان يەرگىلا بىر كاچات سالدىم.

—بۇ، بۇ! نېمە قىلغىنىڭىز؟ يېنىكلىك

قىلماڭ!- دەپلا قالدى ھاكىم.

شۇنچە سەراسىمىنى تۇيماي ئوخلاۋاتقان ئىساخان ئاچىنى ئويغاتتىم. ئىساخان ئاچا ياستۇقىنىڭ بۇغۇچىغا چىگىۋالغان چىراق يىپىنى تارتىپ چىراقنى ياقتى.

ھاكىم بولسا ئىچ تامبال ۋە ئاسما مايكىسى بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇيقۇسىنى ئاچالماي ۋاتقاندەك قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى.

— يەنە جۆيلۈپ كەتتىمۇ- نېمە؟ ھېلىمۇ ياخشى تالاغا چىقىپ كەتمەپلا، سوغ تېگىپ قالسا جىدەللىرى تولىراپ كېتىدۇ، — دېدى ھاكىمنىڭ ئايالى ۋە ماڭا ھاكىمنىڭ «قىلىقى» دىن ئىمزاھات بېرىپ، — بۇ كىشىنىڭ ئاشۇنداق جۆيلۈپ كېتىدىغان كېسىلى بار. سىڭلىم، ئۇيقۇڭىزنى بۇزۇپ قويدى- ھە؟ — دېدى- دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يېتىۋالدى.

مەن بۇ سادا، گۈل ئايال ئېرىنىڭ شۇم نىيەتلىرىنى كېسەل بىلەن نىقاپلاۋاتقانلىقىنى، بىلىپ- بىلمەي ياكى بىلسىمۇ ئېرىنىڭ ھوقۇق- ئىمتىيازى ئالدىدا قۇللۇق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتامدۇ، چۈشىنەلمەي يېتەلىدىم.

ۋىجدانىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇلغايغان غەزەپ، نائىلىغا بولغان نەپرىتىمنىڭ كۈچى بىلەن ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم- دە:

— مەنمۇ بۇنداق جۆيلۈيدىغان كىشىلەردىن قورقىمەن!— دېدىم- دە، ئوپۇل- تۇپۇل كىيىملىرىمنى كىيىپ، پەلتۇيۇمنى ئۇچامغا ئارتقىنىمچە ئۆيدىن ئۇقتەك چىقىپ كەتتىم.

قەدىرلىك ئاسىم، سۇيۇق خېمىردا لەگمەن تارتقىلى بولمىغاندەك، يۇۋاش- يۇمشاق كىشىدىن ۋاپا كۈتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. نائىل مېنىڭ غورۇرۇمغا چۈشكەن مېتە! بۇرۇنقى ئېرىم ھازىرقى دۈشمىنىمگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمىدى— رېزىنكىنى سوزساڭمۇ بەرىبىر يىغىلىپ ئالىدۇ. چىرايلىقچە ئايرىلىپ كەتتۇق. ئۆزەمنىڭ ئىككى چامىدانى بىلەن كىيىم- كېچەكلىرىمنىلا ئېلىپ، ئۆي بىساتلىرىدىكى ھەممىسىدىن ۋاز كەچتىم. ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ئىچىدە بىر ئېغىز ئۆي تۇتۇپ مۇستەقىل



ياشاۋاتىمەن. ساڭا يېزىۋاتقان خېتىم
ئاخىرلاشقىچە، نائىل بىلەن ئىككىمىزنىڭ
بىرلىكى ئاخىرلاشتى.

خەير - خوش! ساڭا ئامانلىق، خىزمە-
تىڭگە ئۇتۇق تىلەپ:

ساۋاقدىشىڭ خالىدە

× × مەكتەپ، × × كورپۇس

«No ئۆي»

خەتنى ئوقۇپ بولغىنىمدا، تەقدىرنىڭ
ماڭا ــ تەنھا ھاياتىمغا، ئارزۇ قىلىپ
ئېرىشەلمىگەن بەخت قۇشىنى ــ نائىلدىن
يۈز ئۆرۈگەن شەرەپنى يوللەندۇرىۋاتقان-
دەك مەۋھۇم ئۈمىدلەر بىلەن شادلاندىم!

ھاياجاندىن قوتۇرىغان كۆڭلۈم ھەر
خىل پىلان - تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا ئۈن-
دەپ ئۇلگۇرتكەنىدى. مەن ئەمدى ئىدارە
باشلىقىمىزدىن روخسەت سورايمەن. خا-
لىدەنىڭ يېنىغا ئۇچىمەن. ئۇنىڭ
دولقۇنسىمان مامۇق چاچلىرىنى سىلاپ
تۇرۇپ، مەسكەن كۆڭلىگە ئارام بېرىمەن...

خالىدە بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ تەقەز-
زالىقىدا گاراڭدەك بولۇپ قالدىم: باشقى-
لارنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.
ئۆزەمنىڭلا سۆزىنى يورغىلىتىپ يۈرۈپ
ئاتپوسكا ئالدىم.

ئادرېس بويىچە خالىدەنىڭ ئۆيىنى
تاپتىم. ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ئالدىدا
قىدا ئىختىيار تىزگىنىم قولۇمدا ئەمەس!
يول بويى ئويلاپ كەلگەنلىرىم خۇددى
تومۇزدا ياققان قاردەك ئېرىپ يوق بولدى.
پۇتلىرىمدا جان قالمىغاندەك، بوغىزىمغا
بىر نېمە قاپلىشىپ قالغاندەك ــ ھاياجاندا
زەئىپلەشكەنلىكى تۇردۇم. ئاستا كېتىپ قال-
ماقچىمۇ بولدۇم. «ئۆزەڭنى قاۋۇلتۇت
ئاپسىم، سېنى خالىدەنىڭ مېھرى ئېلىپ
كەلدى، كېتىپ قالساڭ نېمىگە تەڭ بو-
لىدۇ» دېدىم ئىچىمدە ئۆزەمگە.

ئىشىكنى بوش چەكتىم. خالىدەنىڭ
«كىم؟» دېگەن يورەكنى لەرزىگە سالغۇ-
چى تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ مەن، ئاپسىم.

ــ ئاپسىم؟!

ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلىشى بىلەن ئاق
كۆڭلەك ئۈستىگە كۆك پىلاتى يېپىنچاق-
لىغان خۇشپىچىم قامەتلىك رامكىدىكى
پەرىزاتلار سۈرىتىدەك پەيدا بولدى.
كىشىكنىڭ ياغىچىنى تۇتقىنىمچە ئىشىكتىن
كىرىۋاتقىنىمدا، خالىدەنىڭ كۆڭۈلنى
مەس قىلغۇچى يېقىملىق ھىدى بىلەن
تېخىمۇ لەختە بولدۇم. خالىدە مېنى ئو-
رۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئۇرۇم-
چىدىكى ساۋاقداش، تونۇش - بىلىش-
لەرنىڭ ئەھۋالىنى قىزغىنلىق بىلەن
سوراپ كەتتى. مەن خالىدەنىڭ سوئال-
لىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىگە
تويماي قاراپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا
خالىدە بىر نېمە ئېسىگە كەلگەندەك
دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە:

ــ مەن گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن،
مەن، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ئاۋارە بولما خالىدە، مېنىڭ قور-
سىقىم نېمىشقىدۇر ئاچمايۋاتىدۇ، ــ دېدىم.
راستىنى ئېيتقاندا، خالىدەنىڭ ئۆز قولى-
دىن تاماق يېيىش خوشاللىقىغا تەقەززا
ئىدىم. خالىدەمۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ
ئالغاندەك:

ــ ياسىمىلىق قىلما، تۇزۇت قىلمىش

سەن بىلەن بىزگە خوپ كەلمەيدۇ، كىرسەن ئۇچىقىم بار، بىردەمنىڭ ئىچىدە تەييار قىلىمەن،—دېدى-دە، تاماققا تۇتۇش قىلدى.

خالىدە ئەپچىللىك بىلەن ئىشىنى ھەم سۆزىنى توختاتمايتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن پۈتۈن ئىشقىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاتاپ، ھېچقانداق ھېرىش-چارچاش ھېس قىلماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى، نائىلنى بولسا پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۆز تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئالمىسىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئەر بولغۇچى كىشى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاشنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر ئايالى ئۇزلۇكسىز تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ھاياتتىن زېرىكىپ قالسا، يىغلىتىشنى، يىغلىسا بەزلەشنى، چېكىدىن ئاشسا تىزگىنلەشنى بىلىشى لازىم. ئەنە شۇنداق ئەرلەرنى ئاياللار ھۆرمەت قىلىدۇ. قانداق ئاسىم، خاپىلىق تارتمىغان ئادەم خوشاللىقنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ؟—دېدى ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ ۋە يەنە،—ئاياللار مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى خالايدۇ. مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا مۇھەببەتلىك ئەر كېرەك. ئېرىدىكى سۈپەتلەردىن پەخىرلىنىش ئاياللار ئۈچۈن بەخت!—دېدى ۋە كۈلۈپ قويدى.

ئۇ سۆزلەيتتى، كۈلۈپ قوياتتى. بەزىدە كۆكسىنى كۆتۈرۈپ ھەسرەتلىك تىنىپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى تېپىشماقتەك سوئاللىرىنى چۈشىنىشتىن يىراق ئىدىم. پەقەت خالىدەنىڭ ھىممىتىدىن، گۈزەل خۇلق-مىجەزىدىن راھەتلىنەتتىم.

تاڭسۇق ئاشتىن جىسمىم، خالىدەنىڭ مېھرىدىن قەلبىم ئىللىپ، كۆڭلۈم قىيىمسىمۇ ئاخىرى خوشلىشىپ ياتاققا كەتمەكچى بولغىنىمدا خالىدە ماڭا:

— ئەتە سېنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇراي. مەن شوخ، جۇشقۇنلۇق دەريا ئېقىنىدىن بەكمۇ زوقلىنىمەن. بىر ھوزۇر قىلىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟—دېدى. مەن خوشال ھالدا رازىلىق بىلدۈردۈم.

دەريا بويىغا كېتىۋاتىمىز. خالىدە ماڭا ئەتراپتىكى چىمەنزار، مەھەللە، ئۇزۇن يىللىق قېرى قارىياغاچ دەرىخى توغرىسىدا سۆزلەپ-ئىزاھلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بولسام ئاندا-ساندا ئۇچراپ تۇرغان ئۆتكۈنچىلەرنىڭ بىزگە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشلىرىدىن خوشال ئىدىم. بىر چاغدا ئارقىمىزدىن بىرسىنىڭ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماقلار!—دېگىنى ئاڭلاندى. ئىككىمىزلا كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ قارىدۇق.

— ھە، زەينىدىن سىزمۇ؟—دېدى خالىدە.

بەستى-بويى كېلىشكەن، كۆزلىرىدىن ئۆزگىچە بولغان ئىشەنچ چاقناپ تۇرغان بىرسى ھىجايغىنىچە قولىنى سۇندى. كۆڭۈللۈك سەپىرىمىزنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن بۇ كەلگىنىدىگە نارازى بولغان قىياپەتتە ئېرەنسىزلا قول بەردىم.

— ھەئە، ئېتىم زەينىددىن، ماراپ كېلىمەن كىشىلەرنىڭ كەينىدىن، — دېدى ئۇ چاقچاق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بىز بىللە ماڭدۇق. ئۇ مېنى دەررۇ قولتۇقلاپ ئالدى. ئۇ خالىدەنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئەركىن تۇتاتتى. بىردىنلا يۈرىكىمنىڭ ئاللىقانداق يېرىدە خالىدەنى ئۇنىڭدىن قىزغىنىش ھېسسى پەيدا بولدى. زۇۋان سۈرمەي ماڭدىم.

كەڭ كەتكەن ۋادا ئىچىدە قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان دەريا كۆرۈندى. بۇ زەينىددىن دېگەن ئاجايىپلا خۇيى بار بىرنېمىكەن. ئىككىمىزنىڭ بىلىكىدىن قويمىغەي سۆرەپ دېگۈدەك يوگۈرگەچكە، بىر ھازاغىچە ھاسىراپ تۇرۇپ قالدىم. چىرايلىرىممۇ تاتىرىپ كەتكەندۇ.

ئۆمرۈمدە دەريا دېگەن ئۇلۇق سۇلۇق ئېقىننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. سۇنىڭ لۆمشۈپ ئېقىشى، قىرغاقنى شالاپشىپ يالاپ قويۇشى ماڭا باشقىچىلا ۋەھىمىلىك تۇيۇلدى: خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىردىنلا قىرغاققا كۆتۈرۈلۈپ بىزنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ياكى بولمىسا بىردىنلا قاينام ھاسىل بولۇپ دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

— دەريا بويىدا يۈرۈشنىڭ نېمە لەززىتى بار؟ بايىقى دەرەخلىق ئىچىدىكى چىمەنلىكتە مۇڭدىشىپ ئولتۇرمايلىمۇ؟ — دېدىم مەن.

بۇ چاغدا خالىدە يېشىنىۋاتاتتى. ئۇ پۇتىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ:

— سۇ ئانچە سوغۇق ئەمەسكەن. پاھ! ئەجەپ تەلىيىمىز بار-دە بىزنىڭ! كۆرەش ئىچىدە بەخت، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەمىنلىك، مانا بۇ — دىئالېكتىكا — دېدى-دە ئاۋازى قىرغاقتا قېلىپ ئۆزى سۇغا شۇڭغۇپ بولدى. مەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن «خالىدە!» دەپلا توۋلاپ سالدىم. خالىدەنىڭ بېشى سۇدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ يېيىلغان چاچلىرى دەريا ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئەنسىزلىك ئىچىدە غال - غال تىترەپ كەتتىم ۋەيالۋۇرۇش نەزەرى بىلەن بىردە ماڭا، بىردە سۇ ئۈزۈپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان خالىدەگە خاتىرجەم قاراپ تۇرغان زەينىددىنگە قارىدىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىيىملىرىنى ئاستا يېشىپ سېلىپ بولۇپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. باياتىن بۇ كەلگىندىنى ئارتۇقچە ئادەم، دېگەن قىزغىنىش ھېسسىياتىدا بولغان بولسام، ئەمدى ئۇنىڭ ياردىمىگە بولغان مۇھتاجلىق ھېسسىياتىدا ئىدىم: ئۇنىڭ تېخىمۇ تېزرەك ئۈزۈپ خالىدەگە يېتىشىۋېلىشىنى تىلەيتتىم. مەن خالىدەدىن ئەنسىرەپ، سۇ لېۋىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا نېمە قىلارىمنى بىلمەي، ئۇلارنىڭ سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان بېشىغا قاراپ تۇردىمەن. خالىدەنىڭ بېشى يېنىك دولقۇنلارغا بىرنەچچە نۆۋەت چىلىشىپ چىقتى. مەن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم. مەن ئىچىمدە «ھەي زەينىددىن، زەينىددىن! تېزرەك ئۈزسەڭچۇ!» دەپ تىت - تىت بولاتتىم. زەينىددىن خۇددى سۇ جانىۋارلىرىدەك ئەپچىللىك بىلەن

ئۈزۈپ خالىدەگە يېتىشىپ ئالدى. ئەمدى كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. ئۇلار خاتىرجەم ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار دەريانىڭ نېرىقى قېتىغا يېقىنراق بولغان ئارالچىغا ئۈزۈپ چىقىۋېلىشتى. ۋە ماڭا قول ئىشارىسى قىلغىلى تۇردى. بەلكى ئاشۇ قول ئىشارىسى بىلەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندۇ: قاراڭلار، ئاۋۇ قورقۇنچاقنىڭ تۇرىشىنى دەۋاتقاندۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزەمنى سۇغا ئېتىپ پالاقلاپ باقايمۇ؟ ياق! ئۆزەمنى سۇغا ئاتسام خۇددى بىر تال تاش سۇغا چۆككەندەك ئۇچۇقىمەن، ۋەسسالام! جان دېگەن ئويۇنچىدىغان نەرسە ئەمەستە؟!

ئۇلار يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، مەن تەرەپكە ئۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى.

مەن ئۇلارنىڭ كېيىملىرىنى ئايرىم-ئايرىم يۆگەپ قولتۇقلىدىم-دە، دەريا بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. چۈنكى ئۇلار سۇنىڭ ئېقىشىغا ئويناپ خاتىرجەم ئۈزۈۋاتاتتى. زەينىدىن خالىدەنى قوغلاپ كەينىدىن كېلەتتى. مانا بۇ ئىككى غالىپ مەن ساقلاپ تۇرغان قىرغاققا يېقىنلاشتى. مەن يەنە خالىدەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇ لېۋىگە بارالماي، تۆت-بەش قەدەم نېرىدا تۇراتتىم. خالىدە سۇدىن چىقىشىغا مەن:

— خالىدە، خالىدە، مېنى ئەجەپمۇ قورقىتىۋەتتىڭ، خالىدە، — دېدىم.

— قورقتىڭىزمۇ؟ — دېدى خالىدە جاۋابەن.

كۆڭلۈمدىن «لەپ» قىلىپ كۆڭۈلسىز بىر گۇمانلىق سايە ئۆتتى: ئەجەب «سىز» لەۋەتتىغۇ مېنى! «سەن» دىن «سىز» گە ئۆتۈش كۆڭۈلنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر ئەمەسمۇ؟! بەلكى تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندۇ! مەن ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزەم بەزلەپ خالىدەگە سەپسالدىم: خالىدە ھۆل چاچلىرىنى سىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاق تېنىگە رەڭداش رۇياشكىسى يېپىشىپ تۇراتتى، تولۇق كەلگەن كۆكسى ھېچقانداق شەيتان ئازدۇرالمايدىغان كامىل تەقۋادارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ۋەسۋەسىگە سالاتتى... مەن ئۇنىڭ قاپ-قارا قويۇق چاچلىرىدىن تارتىپ، شېغىلنى دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرىغىچە سەپسېلىپ، مەپتۇنلۇق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. «چىرايلىق خوتۇنى بار كىشىگە دوزاق ئوتى ھارام» دەپ بىكار ئېيتىمىغان ئىكەن - دە!

بىز دەريا ساھىلىدىن قىيالىق ئۆستەڭگە چىقتۇق. بۇلۇق ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزغۇچ يېشىل بولۇپ تاۋلىناتتى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامال تېنىمىزنى سەگىتمەكتە ئىدى. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى كىشىنى زوقلاندۇراتتى. مەن خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدىم. خالىدە زەينىدىن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈن - تۈنسىز كېتىۋاتاتتى. «ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. خالىدەنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سۆزنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي كېتىۋاتقى-

نەمدا خالىدە:

— ئەمدى ئازراق تاماقلىنىۋالايلى، سۇغا چۆمۈلۈپ چىققاندىن كېيىن تاماقنىڭ لەززىتى بولىدۇ. قانداق؟ — دەپ زەينىددىنگە قاراپ قويدى ۋە دەرەخلەر ئارىسىدىكى چىم باسقان بوشلۇقنى ئىما قىلىپ، خالىدە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ مېڭىشىغا زەينىددىن بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى.

— ياق، ئۇ يەر بەك نەم، يەنە ئازراق ماڭساق بۇ يەردىنمۇ ئېسىل يەر بار، — دېدى ئۇ خالىدەنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتمەي.

مېنىڭ نەزىرىمدىكى بۇ ھاياسىز لوكچەكنىڭ خالىدەگە نىسبەتەن بۇنچە ئەركىن مۇئامىلە قىلىشى يۈرىكىمنى ئازابلايتتى. بىراق ئامال قانچە؟ بايىلا تېخى ئۇنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج ئەمەسمىدىم؟ دېگەنىدەك بىر ئاز ماڭغىنىمىزدىن كېيىن ئارام ئېلىشقا قولاي چىملىق بار ئىكەن. ئەتراپىنى پۈتۈن دائىرە بولۇپ دەرەخزارلىق ئوراپ تۇراتتى. خالىدە ئەدىيالنى سېلىپ ئۈستىگە گېزىت يايدى ۋە سومكىدىكى بىر نەچچە بوتۇلكا ۋىنو، پىرەنىدىك، بېلىق كونسېرۋاسى قاتارلىق نەرسىلەرنى گېزىت ئۈستىگە قويدى. خالىدە بەكمۇ ئەدەپلىق ئىكەن: بىر تال ۋىلكا، ئىككى تال قوشۇقمۇ ئېلىۋاپتۇ. چايداننى نېمىگە ئېلىۋالدىكىن دەپتىمەن، سۈت قاينىتىپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋرۇپاچە تائاملىنىپ كەتتۇق.

خالىدەنىڭ كەيپىنىڭ شوسلۇقىدىنمى-كىن، تاماق ئارىلىقىدا ھېچقايسىمىز زۇۋان سۈرمىدۇق. پەقەت زەينىددىنلا قىزىقچىلىق قىلىۋاتقاندەك قوۋۇزلىرىنى تولدۇرۇپ مىناچىلدىتىپ نېمىلەرنى يەيتتى. مەن ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا نەپرەتلىنىپ ئولتۇراتتىم.

— ئاسىم، نېمانچە تۇزۇت قىلىسىز. ئېلىڭلار — دېدى خالىدە يېمەكلىكلەرنى ئىما قىلىپ.

— خالىدە، مېنى ئۇنتۇمتۇللا سىزلەپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن خالىدەنىڭ سىزلىشىدىن نارازى بولۇپ.

خالىدە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويدى. ئارىدا يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. زەينىددىن چايداننىڭ ئېغىز ياپقۇچىغا ۋىنو قۇيۇپ ماڭا سۇندى. مەن ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ بېشىمنى چايقىدىم. زەينىددىن:

— سۇغا بىر چۆمۈلۈپ چىققان بولسىڭىز ئىشتىيىڭىز ئېچىلغان بولاتتى، — دېدى ۋە ئۆزى ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ خورلۇقۇم كېلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق رەنجىدىم. ئۇنى بىر چېقىۋالىش مەقسىتىدە:

— يېمەكلىكنىڭ لەززىتىنى سىزلا بىلىدىكەنسىز. شالاپشىپ يېيىشتىن تارتىپ سۇ ئۈزۈشكىچە بەئەينى ئۆدەككىلا، — دېدىم مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

— شۇنداق، — دېدى زەينىددىن، — مەن ئۆدەككە ئوخشايمەن، بىراق، سۇ ئۈزۈشكە توخۇنىڭ بىلەن بارغىنىغا ھەيرانمەن!

زەينىددىننىڭ سۆزىگە ئاللىقانداق خىيال بىلەن ئولتۇرغان خالىدەمۇ تىزلىرىغا

ئۇرغىنىچە كۈلەتتى. مەن نە سۆزدە، نە ھەرىكەتتە ناقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان رەقىبىمىنىڭ چاقچىقىدىن ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

— ماڭا ئىككىڭلار بىرلىشىۋېلىپ ئۇۋال قىلماڭلار، مەن سىنى دەپ شۇنچە يەردىن كەلدىم. مەن نېمىلا بولمىسۇن سىلەرگە مېھمان! مېنى پەسلەشتۈرۈشكە كۆڭلۈڭلار قانداق چىدىدى؟! — دېدىم مەن خالىدەنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

خالىدەمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر خىل ھالەتكە كەلدى. ئۇ ئۈن - تىنسىز بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— رەنجىمە ئاسىم، مەن سېنىڭدىن باشقىچە روھنى كۈتكەندىم! ئەپسۇسكى، ئەپسۇسكى! — دېدى - دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. مەن ھودۇقۇپ قالدىم: نېمە دېيىشنى، نېمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم ۋە يەنە زېھنىمدىنىمگە سوئال نەزەرىدە قارىدىم. زېھنىمدىن مېنىڭ سۆزۈمدىن خىجىل بولغانلىقىنى جىمىپلا كەتكەنىدى.


قاراڭغۇ چۈشتى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق كۆڭلۈمگىمۇ سىڭىپ كەتكەنىدى.

ئۈچىمىزلا نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ قوزغالدۇق. يولدا ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتىمىز. كۆكۈش ئاسماندا ئوغاقتەك ئاي ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئاي — كىشىلەر گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ناخشىلىرىغا قاتقان، ئەمما ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغان ئاسماندىكى ئاي ئىدى!

مانا شۇنداق خىياللارغا پېتىپ سۈكۈت ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمىزدا، خۇددى بىز ئۈچىمىزنى بەزلىمەكچى بولغاندەك كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقلاردىن ناخشا ئاۋازى كېلەتتى:

ئاسماندىكى ئايمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن.
... ... ... ... ... ...

## ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى



ئالىم مۇقىت 1946 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1963 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 80 - يىلىدىن باشلاپ ئۆز ئىدارىسىنىڭ پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئالىم مۇقىت 1982 - يىلىدىن باشلاپ «ئانا يۇرت قەدرى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە شۇندىن ئېتىۋارەن «يول ئۈستىدە»، «ئاشپۇزۇلدا»، «ئىككىنچى قېتىملىق توي باغىقى»، «يامغۇرلۇق تۈندە» ۋە بالىلارغا ئاتالغان «ئاكا - ئۇكىلار»، «0 ۋە 100»، «غايە»، «ۋەتەن مېھرى» قاتارلىق ھېكايە، فېليەتون، ئېتىمشىش، شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. «يامغۇرلۇق تۈندە» ھېكايىسى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، بالىلارغا ئاتالغان «غايە» ناملىق ھېكايىسى 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



# مۇھەببەت چاقمىقى

ھېكايە

يالقۇن سادىق

نەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ، كۆز پەسلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغىدەك دەرىجىدە ئىسسىق بولدى. لېكىن قۇياش غەربكە قىيسايغاندا ئۇ تەرەپتىن ئۈزۈپ كەلگەن سۇررەك بۇلۇتلار بارا-بارا كېلىپ ئاسمان سەتھىگە يېيىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا بىراقلا سوۋۇپ كېتەتتى.

كۈندۈزدىكى ئىسسىققا قاراپ يېنىك كىيىنگەن ئەھەد بىلەن ئامىنە ئاخىرقى ئاپتوبۇستا ئۆيلىرىگە قايتىشماقتىدى. ئەھەد ئۇچۇق دېرىزىدىن بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان ئامىنە بولسا دېرىزىدىن ئۇرۇۋاتقان سوغ شامال تەسىرىدىنمۇ ياكى بىرەر ئىچكى تۇيغۇنىڭ ئاسارىتىدىنمۇ ئېيتاۋۇر بەزگەكتەك تىترەيتتى. ئۇ، بۇلارنى نىمىشكىدۇر ئېرىگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، چىشلىرىنى قاتتىق كىرىشتۈرگەن ھالدا ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئىمكان قەدەر يىراقراق ئېلىپ قېچىشقا تىرىشاتتى.

ئاپتوبۇس دوستلۇق بېكىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە چۈشۈپ قېلىشتى ۋە بېكەتتىن ئانچە ئۆتمەيلا ئۆيگە بۇرالدى.

ئەھەد ھۇجرا ئۆيدە مۈگدەك بېسىپ ئولتۇراتتى. تۇساتتىن، ئامىنەنىڭ مېھمانخانا ئۆيدە كىتاب ۋاراقلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇيقۇڭ كەلمىدىمۇ ئامىنە؟ — كىرىپ سورىدى ئۇ، ئايالىغا مېھرىبانلىق بىلەن.

— ياق، ياق ... — دېدى ئامىنە كىتابنى ئىتتىك يېپىۋېتىپ ھولۇققىنىچە.

— «سوغات»؟ قانداق ياخشى ماۋزۇ-ھە؟ مۇقاۋىسىمۇ چىرايلىق ئىشلىنىپتۇ.

— شۇنداق، باشتا مېنىڭ دىققىتىمنىمۇ

مۇشۇ مۇقاۋا تارتقان ئىدى. بىراق، ئۇ-
نى ۋاراقلاپ كۆرسەم......

— نېمە، ياخشى ئەمەسمىكەن؟

— شۇنداق ... كىرىپ ئۇخلىسىڭىزچۇ؟

— سەن ئۇخلىمىغان، قېشىمدا بولمىغان چاغلاردا قاچان مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرىپ باققان خوتۇن؟ جۇر، ئۇخلايلى. ۋوي، قولۇمنى سىلكىمىسەڭغۇ؟!

— خۇدا ھەققى، مېنى بىردەم ئۇگچە قالدۇرۇپ كىرىپ كەتسىڭىزچۇ؟

— ئامىنە، نېمە بولدى ساڭا؟ بۈگۈنكى مېھمانلارچىلىقىمىز شۇنچە كۆڭۈللۈك بولغان ئىدىغۇ؟ تاۋۇسنىڭ يوقمۇ - يا؟ دورا ئىچىپ باقامسەن؟

ئامىنە ئېرىنىڭ كۆيۈپ - پىشىپ سورىغان سوئاللىرىنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدى ھەم قايتۇرغۇسى كەلمەيتتى. ئۆي ئىچى بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ جىمجىتلىق ئۇنىڭ مۇقىم بىر پىكىرگە كېلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياردىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ قانداقتۇر بىر غايىبانە جاسارەت بىلەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ قاتلاپ قويغان بىر بېتىنى شارتتىدە ئاچتى ۋە ئېرىگە، بۇنى كۆرۈڭ دېگەندەك قىلىپ سۇنۇپ قويدى. ئۆزى بولسا لام - مىم دېمەستىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئېچىپ قويغان بەتكە بىر ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى بېسىلغان ئىدى. „ئارۇپ مۇھەممەدى؟!" پىچىرلىدى ئەھەد ئاپتورنىڭ ئىسمىنى شۇنداق بىر كۆرۈپلا چۆچۈپ. بۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسمىداش باشقا بىرسى بولمىسۇن، يەنە! ئۇ، يەنىلا ئىشەنمىگەندەك شۈبھىلىك كۆزلىرى بىلەن دەرھال سۈرەتكە قارىدى. قويۇق قوشۇما قاشلار ئاستىدا دادىل يېنىپ تۇرغان چوڭ - چوڭ بىر جۈپ كۆز ئەھەدكە تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ، راستىنلا ئارۇپقۇ؟! نىھايەت ئامىنە بۈگۈن مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزگىرىپ قالغان بولسا ...

ئەھەدنىڭ خىيالىغا بۇ ئۆي كىرىشىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆكسىگە بىردىن يوغان بىر پارچە مۇز تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى، ئۇ ئارۇپنىڭ رەسىمىدىكى سىماسىنى 15 يىلدىن بېرى تونۇجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى بىلەن ئۇنىڭ نەدە، نېمە ئىش بىلەن قانداق ياشاۋاتقانلىقىدىن ئاساسەن خەبەردار ئىدى. بۇ خەبەرلەر بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئامىنەنىڭ قولىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپلا بىر بالالار قىلىپ ئامىنە بىلەن بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋالغان ئىدى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئارۇپنىڭ بۇ تەرجىمىھالى مانا بۈگۈن ئامىنەنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا ئۇنى بىرەر كېلىشمەسلىك كۈتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى خۇددى قاتتىق بىر توخماق تەككەندەك سىقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ، تومۇرلىرىدىكى ئۇرغۇۋاتقان قانلارمۇ ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك، تېخىچىلا ھېلىقى سۈرەتكە قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ، سۈرەتكە قارى-

غانىسىرى ئارۇپقا جان كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى، ئائىلىسىنى، ھاياتىنى... ئىش قىلىپ ھەممە، ھەممە نەرسىنى بىراقلا ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ياق، ياق! ئانىنە مېنىڭ، مېنىڭ ئانىنەم! ياق، باشقىچە بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

ئۇ، ئىختىيارسىز جالاقلاپ تىترەپ، ھەدەپ بېشىنى چايقىغىلى تۇردى.

بىر چاغدا ئۇ يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنىڭغا ۋەھىمە، ئاجايىپ زور ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن ئۈستەل ئۈستىدىكى ھېلىقى كىتابنى نەلەرگىدۇر جان-جەھلى بىلەن چۆرۈۋەتتى - دە، ماغدۇرسىز ئاياقلىرىنى مەس ئادەمدەك ئاران - ئارانلا يۆتكەپ ھوجرا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى ......

ئانىنە كىتابنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن بالكونغا چىقىۋالغان ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قەلبى چۈشۈنۈپ بولمايدىغان بىر غەلىتە سىر تۈپەيلى غەش بولغاچقا، ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقان ئىدى. بۇ كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق ھاياتىدىكى ئادەتتىكى، ئەمما ئاجايىپ سېھىرلىك ۋە قىممەتلىك خاتىرىلىرى ئىچىدىن تېپىۋالغان ئىدى. ئەنە، ئۇ ھازىر بالكون رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، چىمىر - چىمىر يۇلتۇزلارغا لىق تولغان كېچە ئاسمىنىغا قارىغىنىچە ئەشۇ خاتىرىلەرنى ۋاراقلىماقتا. مانا ئۇ 15 يىل بۇرۇنقى ھاياتىغا قايتتى...

ئۇ، مېدىتسىنا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن يىلى، چەت بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئەھەد، ئارۇپ ئىسىملىك ئىككى ياش ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. ئۇلارمۇ، ئۆزىگە ئوخشاشلا ئوقۇشنى يېقىندا پۈتتۈرۈپ، يېڭىدىن خىزمەتكە چىقىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار بىر مەكتەپ، بىر كەسىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولۇپ، گەرچە بۇ ئىككەيلەننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئوقۇش نەتىجىسى، بوي - تۇرقى ۋە بەزى مىجەز - خۇلقى ئوخشىمىسىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان جانجىگەر دوستلاردىن ئىكەن. بۇ ئۈچەيلەن، ئەمدى ھەر شەنبە، يەكشەنبىلەرنى دائىم دېگۈدەك بىللە ئۆتكۈزىدىغان، كىنو - تىياتىرلارغىمۇ بىللە بارىدىغان بولۇشتى.

مەلۇم بىر كۈنى، يەكشەنبىدىكى ھەممەيلەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزىنىڭ يازلىق يىغىمىغا ياردەملەشمەك ئۈچۈن چىقىشقان ئىدى. كەڭ دالا ئەمگەك قىزغىنلىقىغا، ئەمگەك شاتلىقىغا چۆمگەن، ھەتتا قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ، ئۇچۇشلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، شوخ ۋە ئىنتايىن يېقىملىق بىلىنەتتى.

چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتى بولدى. ئەھەد، ئارۇپ، ئانىنەلەر بىرلىكتە غىزالىنىش ئۈچۈن، داستىخاننى ئاسماق - ئاسماق غورىلىرى ئەمدىلا كاۋاكلىشىشقا باشلىغان يوغان بىر توپ چىلگە تۇغاچ-

نىڭ تۇۋىگە ــ سالقىن سايىسىغا سىڭىشتى.

ئارۇپ ئانىسىنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان بولۇپ، داستىخاندىكى نېمەتلەردىن كىشمىش ئۆرۈك قېقىنىڭ قەھرىۋادەك ساپ-سېرىق، مەرۋايىتتەك پارقىراقلىرىنى تاللاپ، ھىچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قوياتتى...

ئاھ، ئۇ كۈنلەردىكى ئەشۇ ئادىتى دالا تامىقىدىمۇ قانداق مىزىلىك تېتىغان ئىدى-ھە؟!

تاماقتىن كېيىن ئەھەد ۋە باشقا كىشىلەر چۆپلۈككە ئۆزىنى ئېتىپ، بىردەملىك ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئايال ئوقۇتقۇچىلار قېتىق ئىچىپ كېلىمىز دەپ چۇۋۇرلىشىپ مەھەللىگە قاراپ كېتىشتى. ئامىنە بولسا قىزىل كىرىست بەلگىلىك كىچىككىنە دورا ساندۇقىنى بويىنىغا ئېسىپ، يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار تەرەپكە ماڭدى.

يولبويى گۈل-گىياھلاردىن، ئالتۇن رەڭ ئېكىنزارلىقلاردىن تارقىلىپ دىماققا ئۇرۇلىدىغان خۇشپۇراقلار؛ ئومىچى دېھقانلارنىڭ ساددا ھېسسىيات بىلەن تولغان لەرزان ناخشىلىرى ۋە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان توپىلىق يولدا ئۆنچە بېسىپ كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋىلارنىڭ رىتىملىق غىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ مەسۇمە قەلبىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى.

ئۇ، بۇ كۈنلەردىكى شاۋقۇنلۇق ۋە كۆڭۈللۈك ھايات لەززىتىدىن مەسخۇش بولۇپ خىيال ئىلكىدە كېلەتتى. تۇساتتىن، قاياقلاردىندۇر قاتتىق ھاۋشىغان ئىت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، ئەندىكىپ ئېسىنى يىغدى. شۇئىندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئۇلۇق ئوچۇق تۇرغان بىر ھويلىغا كىرىپ قالغىنىنى بىلدى. ئۇ، ئەمدى ئارقامغا ياناي دەپ تۇرۇشىغا بىر بۇلۇڭدىن يوغان بىر ئالا بويناق كارنىيى يىرتىلغۇدەك ھاۋشۇغانچە ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن ئامىنە، «ئاپا!...» دەپ چىقىرىغىنىچە كەينىگە بەدەر قاچتى. دەل شۇ پەيتتە، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئارۇپ پەيدا بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە، بۈگۈن ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى پاختا ئارىسىدا چوغ ساقلىغاندەك چوڭقۇر يوشۇرۇپ كەلگەن جۇشقۇن مۇھەببىتى چۇلۋۇرىنى ئۈزۈپ قاچقان شاش ئاتتەك چاپچىپ، تېپچەكلەپ، ئۇنى ئاجايىپ بىر خىل ئىزتىراپقا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئەنە شۇ خىل ئىچكى كۈچ ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى، گەۋدىسى-جىسمىنى ئىختىيارىغا قويماي، ئامىنەگە يىپ بىلەن چېتىپ قويغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىلەپ ئەكەلگەن ئىدى.

ــ قورقماڭ ئامىنە، مانا مەن كەلدىم!

ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەلگەچكە، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ھاسىراپ-ھۆمىدەيتتى. ئۇ، ئامىنەنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنى ھىمايىگە ئالغاچ يەردىن قولىغا چىققۇدەك بىر نەرسە تا-

پالماي، ئۇياق - بۇياقلارغا قاراش بىلەن ئاۋارە ئىدى. تېخىچىلا كەينىگە يانماي چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىت، كاپپىدە ئۇنىڭ پاچىقىدىن ئالدى...

— ۋاي ئاپام، ئادەم بارمۇ!...

— ئامىنە قورققىنىدىن ۋاقىرىۋەتتى.

ئىت، ئارۇپنى چىشلەپ بولۇپلا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىپ بولدى.

— ھېلىمۇ ياخشى سىزنى چىشلىۋالمىدى، ھەي - ي - ي! ئارۇپ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ شۇنداق دېدى ۋە ئامىنەگە قارىدى.

قىز ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى باشقا بىر سەۋەبتىنمۇ، ئۇنىڭ بۇلاقتەك تىنىق كۆزلىرىدىن چىققان ياشلار ئىككى مەڭزىگە دومىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئارۇپنىڭ ئىچى نىمىشقىدۇر سېرىلىپ كەتتى.

— مېنى دەپ، بىكاردىنلا پۇتىڭىز تارتۇق بولۇپ قالىدىغان بولدى، — دېدى ئامىنە قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئېچىنغان ھالدا.

— ھېچقىسى يوق ئامىنە، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر، راستىنلا تارتۇق بولۇپ قالىدىغان بولسا، بەلكى بۇ تارتۇق ئەمەس بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ...، — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز ئۆزىنى توختىتىۋالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — مەڭگۈلۈك بىر يادنامە بولۇپ قالار.

ئارۇپنىڭ يارىسىنى ئاۋايلاپقىنا تېڭىۋاتقان ئامىنە بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەرگىنىدە، ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان بۈركۈت كۆزلىرىنىڭ نۇرى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئىللىق سېزىم ئۇلۇشۇپ، ئىسسىق قانلىرى يۈزىگە تېپىپ چىقتى...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر مەزگىل بەكمۇ شېرىن ئۆتۈشتى، ھەتتا ئامىنە ئارۇپنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ، ئاتا - ئانا، ئىنى - سىڭىللىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئارۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغاچقا، قىشلىق تەتىل بولىشىغىلا سوغاقىمۇ قارىماستىن توي قىلىشقا كېلىشتى.

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئارۇپنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا قولغا ئېلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ كەتكىنىگە ھەممە بىردەك ھەيران بولۇشاتتى. چۈنكى ئۇ تولىمۇ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، خىزمەتتە ئاكتىپ، سىلىق - سىپايە ۋە يۇۋاش مىجەزلىك يىگىت ئىدى. بولۇپمۇ، ئامىنە ئۇنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىنى باشتا بىلەلمىدى، كېيىن ئىش ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولدىكى، ئارۇپ قىز بالا ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئۇيۇلىدىغان قانداقتۇر بىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

ئامىنە نەچچە كۈنگىچە يىغلىدى،

قاخشىدى، ھەتتا ئارۇپقا نەپرەت ياغدۇردى. ئارۇپ بولسا بۇ ناھىيە بازىرىدىن 150 چاقىرىم يىراقلىقتا بولغان تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئامىنە بىلەن ئارۇپنىڭ رىشتىنى بىر قىلمىغان تەڭرى، ئۇنىڭ دوستى — ئەھەد بىلەن قوشۇپ قويدى...

ئامىنە ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئارۇپنىڭ ھېلىقى تەرجىمىھالى ئېسىگە چۈشتى. ئۇ، راستىنلا يازغۇچى بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ مەن دائىم تىببى كىتابلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەجەپ كۆرمەپتىمەن-ھە؟! مانا، ئەمدى ئۇ ئاقلىنىپتۇ. ئەگەر ئۇ ھېلىقىدەك جىنايەتنى ھەقىقەتەن سادىر قىلغان بولسا، مەيلى قايسى دەۋر، قايسى ۋەزىيەت ئاستىدا بولمىسۇن ھەرگىز كەچۈرۈلمەس، ئاقلانماس ئىدى! دېمەك، ئۇ گۇناھسىز، جەزمەن گۇناھسىز! بىراق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نىمە ئۈچۈن ئىككى ئىلىك خەت ئارقىلىق بولسىمۇ ئۆز ئەھۋالىنى ماڭا مەلۇم قىلمىغاندۇ؟ بەلكىم، ئۇ ئالدىراشتۇر، ياكى مېنىڭ ھازىرقى ئادرېسىمنى تولۇق بىلمەيدىغاندۇر ۋەياكى...

ئۇ، بالكوندىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن شۇنىلا خىيال قىلدى ھەتتا تاڭ ئاتاغا يېقىن ئۇخلاپ قالغاندىمۇ مۇشۇ ھەقتە چۈش كۆرۈپ، جۆيلۈپ چىقتى.

× × ×

ئامىنە بۈگۈن ئىشقا كۈندىكىدىن خېلى بۇرۇن يولغا چىقتى. (ئۇلار مۇشۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئامىنە بىر چوڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتاتتى) ئۇ، دوختۇرخانىغا كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋاتقاندىمۇ پىكىر-خىيالى تېخىچە ئارۇپ ھەققىدىكى گادىرماش ئەسلىمىلەر بىلەن بەنت ئىدى. «ئاھ، ئارۇپ! سەن مېنىڭ قەلبىمدىن مەڭگۈ يوتمەيدىغان ئوخشايسەن. بىراق، شۇنچە يىلدىن بېرى خەۋىرىڭنى ئالالماي، سورۇشتۇرۇشقا تېخى جۈرئەت قىلالماي بەكمۇ قىينالغان ئىدىم. مانا بۈگۈن...»

ئامىنە ئاخىرى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىكى ئادرېس بويىچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدى. بۇ قارار ئۇنى ئەسەبىلەرچە ھاياجانلاندۇرماقتا، ھودۇقتۇرماقتا، ئالدىراتماقتا ئىدى.

ئۇ، خەتنى تېزلىك بىلەن يېزىپ، ھېچقانداق مۇلاھىزىسىز، جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە پوچتا ئارقىلىق سېلىۋەتتى، لېكىن، بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھېلىقى جۇشقۇن تۇيغۇسىغا قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ۋە قانداقتۇر بىر ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى قوشۇلغاندەك بولدى. مەن نېمە قىلىپ قويدۇم-ھە؟ ئۇ، شۇنداق ئويلىدى. ئەپسۇس، ئۇ بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئەمدى ئەسلىگە كەلمەيتتى.

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلۇشۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئامىنە چەكسىز تەققەززالىق ئىچىدە قىينالماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇ تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن جاۋاب خەت تېخىچە يوق ئىدى. بەلكى، ئارۇپنىڭ ئۇنىڭغا

خەت يازغۇسى كەلمىگەندۇ ۋە بەلكى بەك ئالدىراشچىلىقتىلا چولىسى تەگمەي قالغاندۇ.

ئارىدىن دەل ئىككى يېرىم ئاي ئۆتكەندە، ئۇنى ئىنتىزار قىلغان بىر پارچە خەت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«سالام، ئامىنە!

ياخشىمۇ سىز؟ يازغان قىممەتلىك خېتىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەپسۇس، ئارىسالدىلىق ئىچىدە جاۋابىم بەكلا كېچىكتى. شۇڭا ئالدى بىلەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. سىز خېتىڭىزدە، مېنىڭ ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىمنى سورىغان ئىكەنسىز. مەن ئەسلى بۇلارنى سىزگە ئېيتماي دېگەن ئىدىم، بىراق سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ھەممىنى تولۇق ئېيتىشقا مەجبۇرمەن.

گەپنى نەدىن باشلىسام بولار؟ ھە ـ راست، بىز ئايرىلغان ئاشۇ كۈنلەردىن باشلاي! ئامىنە، مېنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىشىمگە بىردىن ـ بىر سەۋەبچى بولغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بەلكىم، بۇنى بىلمىسىڭىز كېرەك. مەن سىزگە ئالدى بىلەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تولۇقسىز 2 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ مۇدىرى ئەمەسمىدىم؟ سىنىپىمىزدا ھاۋانەم ئىسىملىك بىر ئەلاچى قىز بار ئىدى. بۇ قىز بەشتە كېپىللىك بىر تۇل مومايىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كىيىملىرى جۇلجۇل ئىدى. ئۇ، قاتتىق سوغاق بولىدىغان قىش كۈنلىرىمۇ ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن يازلىق تونلىرى بىلەنلا مەكتەپكە كېلەتتى. ناۋادا قار يېغىپ قالسا، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ كونا ۋە يىرتىلغانلىقىدىن گىمناستىكا ھەم تەنتەربىيە دەرسلىرىگە قاتنىشىشقا ئامالسىز قالاتتى.

سىزمۇ بىلىسىز، بۇ يىللاردا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلار تېخى ئوڭشۇلۇپ بولمىغاچقا، ئائىلىلار كومىتېتى نامرات ئائىلىلەرگە كېپىللىك قىلالمىغاندەك مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇش ياردەم پۇلىمۇ توختۇتۇپ قويۇلغان ئىدى. شۇڭا مەن ئۆز يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ بۇ قىزغا پاختىلىق باجىگىر ئېلىپ بەرگەن ئىدىم. مەن ئۇ قىزنى ياتىقىمغا چاقىرىپ ئاياقنى كىيدۈرۈپ بېقىۋاتقىنىمدا دوستۇم ئەھەد

(ئەلۋەتتە ئۇ بۇرۇنقى دوستۇم ئىدى)

كىرىپ كەلدى. ھېلىقى قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەھەد كارۋىتىمنىڭ باش ـ ئايىقىغا غەلىتە بىر خىل نەزەر بىلەن كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ، ماڭا سوغلا چاخچاق قىلدى. غەرىزىنىڭ ئۇ قەدەر يامانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ پەقەت، قىزغا بولغان كىچىككىنە خەيرخاھلىقىمدا ئۆزەمنى كەمتەر تۇتۇش يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭ چاقچىقىغا پىسەنت قىلماستىن ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى ياتىقىمغا ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى ۋە ھېچ گەپتىن ھېچ

گەپ يوق قوللىرىمغا كويىزا سېلىشتى...

ئامىنە، سىز مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېچنەرسىنگە چۈشەنمەلمەستىن ھاڭ - تاڭ قالغان ھالىتىمنى تەسسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە يالغۇز مەنلا ئەمەس، ھەتتا ياتىقىمدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان مەكتەپ مۇدىرىمۇ ۋە ياتاقداشلىرىممۇ ھەيران - ھەس قېلىشتى. لېكىن، ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى ئۆزى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ. شۇڭا مەن ئۆزەمگە تەسەللى بېرىپ، بەلكى ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتقاندۇر، بىرەر - ئىككى سائەتكە قالمايلا ئىش ئېنىقلانسا قايتىپ كېلەرمەن دەپ ئويلاپتىمەن. پەقەت بىر ھەپتىدىن كېيىنلا سوت ھۆكمىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچىدىم، غەزەپلەندىم. ئاتالمىش «نارىسىدە قىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىشكە، ئۇنى دەپسەندى قىلىشقا ئۇرۇنغان» جىنايىتىم ئۈچۈن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدىم.

ئۇ ۋاقىتلاردا، تولۇق دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈش، يۇقىرى سوت ئورۇنلىرىغا ئەرز نامە يېزىش دېگەنلەر بىلەن نېمىگە ئېرىشكىلى بولاتتى دەيسىز؟ شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن تىركىشىش نەتىجىسىدە ئەھەدنىڭ «پاش قىلىش» ماتېرىيالى بىلەن ھېلىقى قىزچاقنىڭ «ئىقرار نامە» سىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم - دە، شۇ چاغدىلا جىمى ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندىم. دېمەك، ئەھەد ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان ئىدى.

بەش يىلدىن كېيىن بىر ياخشى نىيەتلىك ساقچى ئارقىلىق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم.

«ھۆرمەتلىك مۇئەللىم، مەن سىلىدىن ئىنتايىن خىجالەتمەن، — دېيىلگەن ئىدى ئۇ خەتتە، — چۈنكى، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئاجايىپ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. سىلىنىڭ بۇ گۇناھىمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بۇ ئىپلاسلىقىم ئۈچۈن ھېچ بولمىسا ۋىجدانىم ئالدىدا بولسىمۇ ئازاپ ئوتىدا پۇچىلانماي دېگەن نىيەتتە، بۇ خەتنى سىزگە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

مۇئەللىم، ھېلىقى ئەھەد مۇئەللىمنى ئەسلىرىدىمۇ؟ ئۇ، ئۆزىنىڭ سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماڭا شۇ چاغلاردا بەكمۇ كۆيۈنگەن بولۇۋېلىپ، ئەگەر ئارۇپىنىڭ يامان غەرىزى بولمىسا، نېمە ئۈچۈن سىزدەك بىر ئوماق قىزغا ئۇ ئۆز پۇلىغا مەرتلىك بىلەن ئاياق ئېلىپ بېرىدۇ ۋە يەنە كېلىپ نېمە ئۈچۈن بۇ ئاياقنى سىزگە كىيدۈرۈپ بېقىشنى بانا قىلىپ، سىزنى ئۆيگە ئەكىرىۋالىدۇ؟ مانا بۇلار پولاتتەك مۇستەھكەم پاكىت. سىز بۇنى ۋاقتىدا پاش قىلمىسىڭىز، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە باشقىلار سىزدىن چوقۇم گۇمانلانماي قالمايدۇ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ تەھدىت سېلىپ ھەمدە ئۆزى ئېيتىپ بېرىپ تۇرۇپ بىر ئىقرارنامە يازدۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا 14 ياشتا ئىدىم، كىچىكلىكتە ئۇنىڭ سىلى بىلەن ئامىنە

دوختۇرنىڭ توي ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىنى نەدىن بىلەي. مانا مەنمۇ توي قىلىپ بولغان بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاران چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. قارىغاندا، مەن تېخى ئەمەدى چوڭ بولغان ئوخشايمەن...»

بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن گەرچە ھاياتىمدا يوقۇتۇپ قويغان ئەڭ ئىسىل نەرسەمنى قايتا تېپىۋالغاندەك ھاياجانلانغان بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنى ئاقلاشنى خالىمىدىم. پەقەت كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئاغرىدى، خالاس. چۈنكى بۇ زىيانكەشلىك ماڭا، مەن ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ يۈرگەن ئادەمدىن كەلگەن ئىدى.

دېمەك، ئەھەد ئەسلىدە سەممىي بىر دوست بولماستىن قارا نىيەت ئالدامچى ئىكەنتۇق.

ئامىنە، مېنىڭ نىمىشكە شۇ خەت بىلەن بولسىمۇ ئۆزەمنى ئاقلاشنى خالىمىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سەۋەبى، ئەھەد سىزنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرەتتى. بۇنى سىز سەزمەيتتىڭىز. ئەنە شۇ خىل ياخشى كۆرۈش، ئۇنى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مىراد - مەقسىدىگە يەتكەن بولدى. سىزنىڭ، سىزدەك شۇ قەدەر ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىر ئائىلىگە كىرگەنلىكىڭىزنى بىلگىنىمدە، مەنمۇ خېلىلا خاتىرجەم بولغان ئىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزەمنى ئاقلاشقا ئۇرۇنسام، ئەلبەتتە مەن جىسمانىي جەھەتتىن بولسىمۇ تامامەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولار ئىدىم. ۋاھالەنكى، سىزنىڭ ئېرىڭىزچۇ؟ ئۇنىڭغا چېتىلمەپ سىزچۇ؟ قىسقىسى، ئائىلىڭىزگە سوروقچىلىق سالغاندىن كۆرە تاكى خاتا ھۆكۈمنىڭ مۇددىتى توشقىچە تۈرمىدە يېتىشنى ئەۋزەلرەك كۆردۈم. چۈنكى، مېنىڭ نە ئاتا - ئانام، نە خوتۇن - بالام يوق بولغاچقا، جىنايىتىم ھېچكىمىگە چېتىلماي، بارلىق ئازاپلارنى يالغۇز ئۆزەملا تارتاتتىم.

راست، تۇنجى سۆيگەن ئادىمىڭىزنىڭ قىزلىق غۇرۇرىڭىزنى دەپسەندە قىلىدىغان، باشقىلار ئالدىدا يۈزىنى سېرىيدىغان بىر جىنايەت بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى سىز ئۈچۈنمۇ يېنىك تۇيۇلمىغاندۇر، ئەلبەتتە! ئاشۇ ئاچچىقىڭىزدا بولسىمۇ ئالدىراپ ئەھەد بىلەن توي قىلىۋالغىنىڭىزنى تامامەن توغرا چۈشىنىمەن. بەس، بۇ ھەقتە سۆزلەۋېرىپ سىزنىمۇ، ئۆزەمنىمۇ قىينىماي.

ئامىنە، ئەمدى مەن شۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى سۆزلەپ بېرەي. سۆيۈملۈگۈم (خەتتە بولسىمۇ شۇنداق ئاتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز)، مەن تۈرمىدە توپ - توغرا 5 يىل ياتتىم. دەسلەپكى ئۈچ يىلنى تولىمۇ قىيىندا توشقازدىم. لېكىن، ئادەم ھەممە نەرسىگە كۆنۈپ كېتەلىسە كېرەك، مېنىڭمۇ روھى ھالىتىمدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، كېيىنكى يىللار، يالغان قامىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، زەرداپ يۇتۇپ

يۇرۇشتىن، خەير، بوپتۇ، دوستلۇق ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن قالغان ئىككى يىللىق ئەركىنلىكىمنىمۇ قۇربان قىلىشقا رازىمەن دېگەن ھېسياتلار بىلەن ئۆتتى. سۆيۈملۈكۈم، ئىشىنەمسىز، پەقەت مۇھەببەت ۋە ئىشەنچلا غەيرەت-جىدام ۋە تىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىكەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەمنى باشقىدىن توختۇتىۋېلىپ، بۇ ئىككى يىل ئىچىدىكى «تىنىچ» پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن بۇرۇنقى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدىم.

ئامىنە، سىزگە مەلۇم، مەن ئۈنىۋېرسىتېتتا بەش يىل فىزىكا ئۆگەنگەن ئەمەسمىدىم؟ بىراق تۈرمىدە بۇ كەسپنى ئىشلىتىش ۋە بۇ جەھەتتە بىلىم ئاشۇرۇشقا ھېچ ئىمكانىيەت بولمىدى. تۈرمە خىزمەتچىلىرىمۇ بىز زىيالىلارغا ئۆچ ئىدى. بولۇپمۇ بىز زىيالىلار «سېسىق ئىدىيە» مىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كەتمەننى بولۇشىغا چېپىشقا مەجبۇر قىلىناتتۇق. كىتاب ئوقۇش، يېزىش دېگەنلەرگە بولسا ھەرگىز يول قويۇشمايتتى. شۇڭلاشقا مەن يۈكسەك ئارزۇ بىلەن ئوقۇغان ئەشۇ كەسپىمنى نائىلاج تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم-دە، ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ تۇرغان غەزەپ-نەپرەت كۈچى بىلەن بۇ شەپقەتسىز تۇرمۇشتىن ئۆچ ئېلىش غەرىزىدە قەلەمنى تىغ قىلدىم، قەلب دەپتىرىمگە توختاۋسىز يازدىم، خاتىرىلەرگە يوشۇرۇن كۆچۈردۈم. ھەتتا جازا مۇددىتىم توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ يېزىشنى توختاتمىدىم.

شۇنداق ئامىنە، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، مۇشۇ قىسمەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندىمكى، ھەقىقەت — بەربىر ھەقىقەت ئىكەن. جاھان ئاخىر ئوڭشالدى. مەيلى بالدۇر، مەيلى كېيىن بولسۇن ئادالەت، ھەقىقەت ھامان غالىب كەلدى. مەن ئاقلاندىم، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەسەرلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىدىم. ھەر ھالدا قانداقلا بولمىسۇن قەلبىمدە كۈچلۈك بىر ئۈمىد، غايە يېنىپ تۇرغان كىشىنىڭ ھاياتى بىكارغا ئۆتمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، سىز ھەيران قالغاندەك بىر ئەرزىمەس «يازغۇچى» بولۇپ قالدىم.

سۆيۈملۈكۈم، سىز ھازىر مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغىنىڭىزدا، ئاخىردا سىزدىن يەنە شۇنىمۇ يوشۇرمايمەن، مەن تاكى بۈگۈنگىچە تەنھا ياشىماقتىمەن. چۈنكى مېنىڭ ناھەق ھالدا تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىم مېنىڭلا ئەمەس سىزنىڭمۇ ياشلىق باھارىڭىزنى بىمەزگىل ئۈششۈك تەگكەندەك غازاڭ قىلغانلىقىنى ۋە قەلبىڭىزدە ئۆچمەس داغ قالدۇرغىنىنى بىلىمەن. دېمەككى، بۇ داغنى چۈشۈرگۈچى مەن. شۇڭا، بۇ داغنى پەقەت ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىزگە سادىق بولۇپ، قەلبىمنى تۈنجى ۋە ساپ مۇھەببىتىمنى پاك تۇتۇش ئارقىلىلا يۇيۇش قارارىغا كەلگەنمەن. ئويلىمىغان يەردىن، سىزدىن خەت

كېلىپ قالدى. مەن بۇنىڭغا بەك خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدىم ياكى قايغۇرۇپمۇ ئولتارمىدىم. نىمىشقا دېسىڭىز، بۇ مەن ئۈچۈن بىر ئادەت، تاسادىپىي كېلىپ قالغان زور ئادەت ھېسابلىناتتى. مېنىڭچە، قانچە تېز ئېرىشىلگەن ھەر قانداق نەرسە شۇنچە تېز قولدىن كېتەتتى ھەم شۇنچە قەدىرسىز بولاتتى.

ھالبۇكى، مەن نېمىلا بولمىسۇن قېنى بار، گۆش-ئۇستىخىنى بار ئىنسان. ئىنسان ئاساسەن شەخسىيەتچىل بولسا كېرەك. مەن گاھىدا، سىزنىڭ يولدىشىڭىز مەن بولۇشۇم كېرەك ئىدى دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە ئىككى بالىلىق بولغىنىڭىزنى بىلگىنىمدە بۇ بالا ئىككىمىزنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى دەپ ئىچىم ئېچىشاتتى.

ئامىنە، بەلكىم مەن ھەددىدىن ئارتۇق رومانتىك خىياللارغا بېرىلىۋاتقاندۇرمەن ھەم سۈزۈك كۆلچەك سۈيىدەك تىپ-تىنىچ ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىڭلارغا تۇساتتىن بۆسۈپ كىرىپ، دىلىڭىزنى بىئارام قىلىۋاتقاندۇرمەن. ناۋادا، راستىنلا شۇنداق بولسا مېنى كەچۈرۈڭ، ئامىنە. ئەمما، ئەھەد سىزنى ھەر قانچە ياخشى كۆرگەندىمۇ مېنىڭچىلىك ياخشى كۆرمەس. مۇھەببەت ھېچقانداق ئەجىرسىزلا ئېرىشەلمەسلىكى كېرەك ئىدى... بولغۇلۇق بولدى، شۇنداق ئىكەن غەيرەتلىك بولۇڭ، ئامىنە! خەير، سىزگە ئامانلىق ۋە مۇبارەك تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

شورپېشانە «ئارۇپتىن»

ئامىنە خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا گويا يۈرىكىنىڭ تېگىدىن قاپقارا بۇلۇت كۆتىرىلگەندەك بىر قىسىملا بولۇپ قالدى ۋە يۈرىكىنى بىر نەرسە توختاۋسىز غاجىلاۋاتقاندەك، دىۋاندا ھەريان تولغۇناتتى.

«ھۇ، دەيۈز ئىپلاس، سېنىڭ قىلمىشلىرىڭنى قارا!، — دەپ كايىيتتى ئۇ پىچىرلاپ، — سېنىڭ مۇنچىۋالا رەزىللىكىڭنى نىمىشقىمۇ بۇرۇنراق بىلمىگەن بولغىيتتىم. سەن ئارۇپنى كاردىن چىقاردىڭ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ. ئاھ، بىچارە ئارۇپ، مېنىڭ ئارۇپۇم!...»

ئۇ، ئەلەم بىلەن ئۆزىنى توختىتالماي ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

شۇندىن كېيىن ئامىنە خېلى كۈنلەرگىچە ئاياللار قەلبىنىڭ تەرسالىقى ۋە يوشۇرۇن غەزىپى بىلەن ئەھەدكە باتناپ قوپال تېگىپ يۈردى. خىزمەتتە ئۆزىنى قاتتىق تۇتىۋالالىغىنى بىلەن ئۆيدە قولى ئىشقا بارمايتتى. ئۇ، كۈندىن-كۈنگە ياداپ، تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، كۆڭلىدە ئەھەد بىلەن تېزدىن ئاجرىشىپ كېتىش نىيىتىگە تولۇق كېلىپ بولغان ئىدى.

— ساڭا نىمە بولدى ئامىنە، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزەڭنى مەندىن ئەجەپمۇ قاچۇرىدىغان بولىۋالدىڭغۇ؟ — دېدى بىر كۈنى ئەھەد ئايالىغا بۇ ھەقتە ئۆزى گەپ تېشىپ — يەنە سېزىلىك تارتىپ يۈرمەيدىغاندۇرسەن؟

ئۇ، سوئالىنى تەبەسسۇم بىلەن خوتۇنىغا جىلمىيىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ

ئولتۇردى. بىراق، ئامىنە ئۇنىڭدىن شۇ هامان شوركىنىپ كەتتى. ئۇ پۇت - قوللىرى كۆيۈشۋاتقاندەك بولۇپ، ئورنىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپلا قالدى. بىر هازا شۇ تەرىقىدە جىمجىت ئولتۇردى. بىر چاغدا، ئېرى ئۇنىڭ نەرىنىدۇر تۇتماقچى بولۇپ قولىنى يېقىن ئەكەلدى، ئۇ، ئۇنىڭ قوللىرىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ ئورنىدىن غاچچىدە تۇرۇپ كەتتى.

— نىمىگە شۇنچە رەنجىپ يۈرىدىغانسەن خوتۇن، هېچ بىلەلمىدىم، — دېدى ئۇ چۆچۈپ، — ساڭا بولغان مۇهەببىتىم، ساداقىتىم ۋە ئىخلاسىمدا سېنى گۇماندا قويىدىغان بىرەر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويىدۇممۇ - يا؟

— ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە نىمە ئىش ئۆتكۈزىسىگىز بولاتتى؟ — زەردە بىلەن دوق قىلدي ئامىنە.

— ۋىجدانىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ساڭا يۈز كېلەلمىگۇدەك هېچ ئىش قىلغىنىم يوق!

— قۇرۇسۇن شۇنداق ۋىجدانىڭىز، ۋىجداننىڭ گېپىنى قىلىدا تېخى، سىز ۋىجدان دېگەننى بىلەتتىڭىزمۇ؟!

— ئامىنە! — ئەھەد ۋارقىرىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بىكاردىن - بىكار ماڭا تىل سېلىۋاتىسىنا، گېپىڭ بولسا ئوچۇق قىل!

— بىكاردىن - بىكار تىل سېلىپتىمىشمەن، — ئامىنە سالماق قەدەم بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ياپتى ۋە دىۋانغا قايتىدىن بىخارامان ئولتۇرۇپ دېدى، — ئۆزىنىڭ جان - جىگەر دوستىغا تۈز كورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ بەختىنى تارتىۋالغان بىر مەخلۇققا تىل سېلىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ - تېخى.

ئەھەد بۇ گەپ بىلەن توك سوقۇۋەتكەندەك جىمجىت قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. لېكىن مىنۇت ئۆتمەي يەنە جانلاندى:

— ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ، ئىككى بالىغا ئانا بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ قىلچە خىجىل بولماستىن شۇ ئاروپ بىلەن يوشۇرۇن هالدا كۆرۈشۈپ يۈرۈپسەن - دە!

— جۆيلىمەڭ! ئاروپ بىلەن كۆرۈشكىنىم يوق. لېكىن، كۆرۈشسەممۇ نىمە بولاتتى؟ ئۇ سىزنىڭ شۇنچە يېقىن «دوستىڭىز» ئىدىغۇ؟

— دوستىڭىز؟ — تەكرارلىدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن، — دوستۇم تۇرماق، خىزمەتدىشىم دېيىشكىمۇ نومۇس قىلىمەن ئۇ هايۋاننى. بىلەمسەن، ئۇ سېنى ئۆزىدىن بولغان قىپ - قىزىل بىر لوكچەك. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغىمۇ...

— تارتىڭ تىلىڭىزنى. سىزنىڭ ئۇنى هاقارەتلەشكە هەققىڭىز يوق. ئۇ يوكسەك پەزىلەتلىك، ئالتۇندەك ساپ يىگىت.

— ئامىنە، سەن...

— ئەڭ ياخشىسى سىز مۇندىن 15 يىل بۇرۇنقى جىنايىتىڭىزنى مېنىڭ ئالدىمدا بولسىمۇ سۆزلەپ بېقىڭچۇ، شۇ چاغدىلا كىمنىڭ ئىنسان سورەتلىك هايۋان، كىمنىڭ هەقىقىي ئىنسان ئىكەن-

لىكى مەلۇم بولىدۇ.

— بۇ گەپچە، سەن ئاروپ بىلەن تەپسىلى سۆزلەشتىم دېگىن.

— ئاۋال مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ!

— ئاممە، ئەمدى كونا خامانىنى سورۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ئەھەد بىردىن بوشۇشۇپ ۋە ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— نېمە ھاجىتى؟ — ئاممە غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى، — سىزنىڭچە ئۇ قىلمىشىڭىز شۇنچە يېنىكمۇ؟ سوراش ھاجەتسىزمۇ؟ بىرسىگە شۇنچە يوغان بەدنامىنى چاپلاپ، ئۇنىڭ كىشىلىك غورۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىقىڭىز، ئۇنىڭ پۈتۈن ياشلىقىنى نابۇت قىلغانلىقىڭىز ھېچبىر گۇنا ھېسابلانمامدا؟ ئەسلىدە سىز قانۇن ئالدىدا، كەڭ خەلقى-ئالەم ئالدىدا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك ئادەمسىز. بىراق، ئاروپنىڭ كەڭ قوساقلىقى سىزنىڭ بۇ جىنايىتىڭىزنى «كونا خامان»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن سىزگە ئوخشاش پەس ئادەمدىن يىرگىنىمەن، نەپرەتلىنىمەن. بىلىپ قويۇڭ، ئەمدى مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، مەن سىز بىلەن ھازىرلا ئادا-جۇدا بولىمەن.

— ئادا-جۇدا بولامەن؟ — چۆچۈپ سورىدى ئەھەد، — ئارىدا ئىككى بالا تۇرۇپمۇ؟

— ئۇنىڭدىن سىز قىلچە غەم قىلماڭ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزەم بېقىپ چوڭ قىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — مەسخىرىلىك كۈلدى ئۇ مىيىغىدا، — بانكىدىكى پۇلنىچۇ، ئۆيدىكى مال-مۈلۈكلەرنىچۇ؟

— ماڭا بالىلاردىن بۆلەك ھېچنەرسىنىڭ كېرىكى يوق. ئىشەنمىسىڭىز تىلخەت يېزىپ بېرىمەن، سىزمۇ يازسىڭىز.

— مەن يېزىپ بەرمەيمەن، بالىنىڭ بىرىنىمۇ بەرمەيمەن! — بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ ھۆرپەيدى ئەھەد.

— يېزىپ بەرمەي ھەددىڭىز ئەمەس، سوتقا ئەرز قىلىمەن، — كەسكىن خىتاپ قىلدى ئۇنلۇك قىلىپ، — چىرايلىقچە تۈگىشىشكە ئۇنىمىسىڭىز سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈڭ!

ئاممە سۆزىنى تۈگەتتى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدى.

— ئاممە، گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى ئەھەد ئايالىنىڭ ئالدىنى توسۇپ يىغلامسىراپ، — مەيلى سەن ھازىر مېنىڭدىن قانچىلىك يىرگەنمىگىن، مەن بەرىبىر سېنى ئوخشاشلا سۆيىمەن، ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ...

بۇ گەپ بىلەن ئۇ ئاچچىقى سەل بېسىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئېرىگە تىكىلدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىر ئىزغا چۈشكەن ئەھەد پىچىرلاپ دېگۈدەك داۋام قىلدى:

— ئاممە، مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىمگە يېلىنىپ باقمىغان، ئەمدى ساڭا يېلىنىۋاتىمەن، جېنىم ئاممە، بەك كەسكىنلىك قىلما. ئۆزەڭنى بېسىۋېلىپ، ئوبدانراق

ئويلاپ باق. راستىمنى ئېيتسام مەن سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ، ئاروپ ئالدىدىمۇ ھەتتا سوت ئالدىدىمۇ چوڭ گۇناھكارمەن. بىلسەڭ ئاممىنە، بۇمۇ پۈتۈنلەي سېنى دەپ بولغان ئىش. مەن ساڭا شۇ قەدەر كۆيەتتىمكى، ئۇ خىل كۆيۈشنىڭ چىدىغۇسىز كۈچلۈك ھارارىتىدىن ئەقلىمدىن ئازدىم. ساڭا مەيلى قانداق يول بىلەن بولمىسۇن قەتئىي ئېرىشىش غەرىزىدە، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئەنە شۇنداق ئىپلاسلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇڭلاشقىمۇ سەن مەندىن نەپرەتلىنىشكە، يىرگىنىشكە ھەقلىقسەن. لېكىن، لېكىن ...... — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياشلار لىغىرلاپ تۇراتتى، ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ تىترەك ئاۋازدا ئارانلا داۋاملاشتۇردى، — كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بىز بىر ياستۇققا باش قويۇپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە سەن - پەن دېيىشىپ قالماي ياخشى ئۆتتۇق خوتۇن. مەن سېنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن قەدىرلەپ كەلدىم، بەختلىك قىلىشقا تىرىشتىم. گەرچە سەن باشتا پەقەت مەن سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ماڭا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولغان بولساڭمۇ، كېيىنچە سېنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ چىن كۆڭلۈڭدىن ھۆرمەتلەشكە باشلىغىنىڭنى ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىڭدىن چۈشىنىپ كېلىۋاتاتتىم ۋە شۇنىڭغا قاراپ سېنىمۇ بەختلىك بولدى دەپ ئويلايتتىم. يەنىلا ئەستايىدىلراق بولغىن ئاممىنە، ئالدىراقسانلىق قىلما، ئۆزەڭنى بېسىۋال. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسا، مۇنۇ چۆچۈرىدەك ئىككى بالىمىزغا بولسىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن! ...

بۇ گەپلەر بىلەن، ئەر - خوتۇنچىلىق مېھرىنىڭ بىر خىل ئىللىق ئېقىمى ئۇنىڭ يۈرىكىگە قويۇلغاندەك بولدى - دە، پۈتۈن بەدىنى بىردىن بوشىشىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىغۇدەك ماجالىمۇ قالمىدى.

— ساڭا دەيدىغانلىرىمنى دەپ بولدۇم، ئاممىنە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، — مەن سەنسىز ياشىيالمايمەن، ھاياتىمنى سەنسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. شۇنداقتىمۇ، مەندىن ئايرىلساڭلا كۆڭلۈڭ تىنىدىغان ئىش بولسا، بوپتۇ خوتۇن، قالغىنىنى ئۆزەڭ بىل. ئەگەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىش توغرا كەلسە، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئۆيدىن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈك، ھەممە سېنىڭ بىلەن قالسۇن. خەير، ئەمىسە، — ئۇ راستىنلا خوشلىشىۋاتقاندەك، ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان قولىنى خوتۇنىغا ئۇزاتتى. ئاممىنە كۈتمىگەندە، ئېرىنىڭ قولىنى كاپپىدە مەھكەم تۇتىۋېلىپ مەڭزىگە ياقتى ۋە توختىماستىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇ قولنى ئاستاغىنە ئېلىپ كېلىپ مەيدىسى ئۈستىگە باستى ......

ئۇ ئاخىرى سودقا ئەرز قىلماس بولدى. قەلبىدىكى توساتتىن كۆتىرىلگەن ھېسسىيات دولقۇنلىرىمۇ بېسىلىپ ئىزكويىغا چۈشكەندەك قىلاتتى.

ئاروپ خەتنى پوچتىدىن سېلىۋېتىپ، تولىمۇ تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭ جاۋا-

بىنى كۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئامىنەنىڭ ھېلىغىچە ئۆزىنى ئۇنتالمىغانلىقىنى بىلىپ شادلىق ۋە ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالغان ئىدى. «مەيلى ئامىنە نەچچە بالىلىق بولغان بولسۇن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مەيلى بۇ ھەقتە كىشىلەر نىمىلەر دىيىشمىسۇن، مۇبادا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولالىساملا جەزمەن بەختلىك ئۆتكەن بولاتتىم. چۈنكى مېنىڭ بۇ مىسكىن قەلبىم شۇنچە يىللار ئۇنىڭ ئوت - پىراقىدا ئاھ ئۇرۇپ، ھىجران ئازابىدا قىينالدى ... خەپ، نامەرت! مەن ساڭا ئەمدى، ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن. مەن تېخى ئامىنەنى مېنىڭ-دىن نەپرەتلىنىپ، سېنى ياخشى كۆرۈپ تەگدى دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە مېنى ئەسلەيدىغىنىنى پەرەز قىلالمايتىكەنمەن. ئاندىقتا، ئامىنەنى قان-داقلارچە بەختلىك بولدى دېگىلى بولسۇن؟! ئاھ، ئامىنە — مېنىڭ سۆيۈم-لىكىم، سەن ئۇۋاڭدا باشقىلارنى بەختلىك قىلىپ، ئۆزەڭ بەختسىزلەرچە ياشىغى-نىڭدا، سېنىڭ بەختىڭ، خاتىرجەملىكىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەركىنلىكىنى ئۇزۇن مۇددەت قۇربان قىلغان خاراپ ۋە بەختسىز ئاشىقىڭنىڭ پەرىشان ھالى، ئاھۇ - زارى سېنى ئازابلىماسمۇ؟!»

كۆنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتى. ھەر قانچە كېچىككەندىمۇ ئۇنىڭ خېتى تېگىپ، جاۋاب كېلىدىغان ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئارۇپ بەكمۇ تىت - تىت بولماقتا، پىكىر-لىرى چېچىلماقتا ئىدى. «بەلكى ئامىنە ئىككى بالا بىلەن ئالدىمغا كېلىشكە جۈر-ئەت قىلالمىغاندۇر ياكى بالىلىرىغا كۆزى قىيمىغاندۇر. ئىش ئەپلەشمەي قالغان بولسا، ئۇمىدسىز خەت بىلەن مېنى تېخىمۇ ئازابلىغۇسى كەلمىگەندۇر. ئاھ، كاج تەقدىر ...» بۇ ھەسرەتلىك نىدالارنى قىلىشىپ ئارۇپنىڭ كۆڭلىنى قاپقاراڭغۇ-لۇق ئورىۋالغاندەك بولدى ۋە يەنە بىر قېتىم بەختتىن، شادلىقتىن، مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ، گويا ئۆزى-نى قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئارۇپقا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ بىر جىددى يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. ئۇ، دەرھال تەرەددۇتلى-نىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئايرۇپىلان بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئايروپىلان، ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، ئۇ ئامىنە بىلەن ئۇچرۇشۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، پۇچۇلۇپ كەتتى. ئارۇپ قايتىشىدا، پويىز بىلەن ماڭماقچى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بىلەت ئالدى. ئاندىن ئۇدۇل پوچتىخانىغا چاپتى.

× ×

ئەھەد ھېلىقى كۆنكى جىددى ۋە كەسكىن مۇنازىرىدىن كېيىن ئامىنە بىلەن قايتا يارىشىپ قېلىشنىڭ شېرىن قىيامى ئىچىدە ئېرىپ، تۈيغۇلىرىمۇ باشقىچە ئۆزگىرىش ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى

ئىچىدە يوشۇرۇپ كەلگەن ئازابلىق ھېس-سىياتلىرى ئاساسەن يوقالدى. ئاممىنەمۇ ھېسسىياتىنى تېزلا تىزگىنلىۋالدى. ھەر ئىككىلىسى ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشقانىدى.

ئاممىنە، ئارۇپقا خەت يازمىسام، ئۇ مېنىڭ خېتىم تەگمەي قالغان ئوخشايدۇ دەپ يوقاپ كېتەر دەپ ئويلاپ، خەت يازمىدى. كۈنلەر، بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشۈپ خاتىرجەم ئۆتمۇۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ئارۇپنىڭ بېيجىڭدىن سالغان تېلگىراممىسى ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— مەندىن سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— دېدى ئاممىنە ئەكىلەپ، — بۇ تېلگىراممۇ ماڭا تەگمىگەن بولىدۇ - دە!

— بۇ قەدەر تاش يۈرەك بولۇپ كەتمەيلى ئاممىنە، سەن ۋوگزالغا — ئالدىغا چىققىن.

— ماڭا ھاقارەت قىلىشىڭىزغا ئەمدى يول قويمايمەن. مېنى بوشراق كولدۇرلۇتۇڭ!

— سېنى كولدۇرلاتقىنىم يوق ئاممىنە، ساڭا ئەنسىنگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىساق بولمايدۇ.

— چىقمىساق بولمايدۇ؟! ئۇنى قىيىنمىغان ئەمدى شۇ يول قالدىمۇ؟ ئىككىمىزنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنى قان يۇتسۇن دەمسىز؟

— ياق، ياق! — دېدي ئەھەد ئالدىراپ ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ، — مەقسەدىمنى خاتا چۈشىنىۋالمىغىن، سېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىشىڭنى ئۆتۈنۈپ تېلگىراممىنى يېزىشتا ئۇنىڭ قانداق مەقسىدىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش، ئەپۇ سوراش، بىر ئۆمۈرلۈك خاپىلىقلىرىنى كۆڭلىدىن كۆتىرۋېتىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. بۇ تولىمۇ ياخشى پۇرسەت، قانداق دەيسەن؟

— مېنىڭ ئۇنىڭغا قارىغۇچىلىك يۈزۈم يوق!

— ئۇنى دېسەڭ، ئەسلىدە مېنىڭ يۈزۈم يوق ئاممىنە، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىم، كەچۈرگەن بولسىمۇ كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك.

ئاممىنەنىڭ ئاللىمىقاچان توختىغان كۆز ياشلىرى يەنە يېڭى ئۈززۈلگەن مەرۋايىتتەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى: «بېچارە ئارۇپ، مەن ۋاپاسىزنى قاچانغىچە ئۇنتالاماسسەن؟ مەن، سېنىڭ ئۇنچىلىك ئەقىدە قىلىشىڭغا ئەرزىگۈدەك ئاياللىمىدىم؟ تۈرمىدىن چىقىپلا ئۆيلىنىۋالغان بولساڭچۇ كاشكى. بۇچاقىچە باللىرىڭ بولۇپ، شۇلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ بۇ شەپقەتسىزلىكى ئانچىۋالامۇ بىلىنمەس ئىدى...»

— ئاممىنە، ئارۇپنىڭ ئالدىغا راستىنلا چىقىشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ دېسەڭ، بىز كەلگىچە ئارۇپنىڭ ھاردۇق ئېشى ئۈچۈن ئوبدان ئوخشۇتۇپ بىر قازان چۆچۈرە تۈگۈپ تۇرساڭ قانداق؟ — دېدى ئەتىسى

ئەتىگەن ئارۇپ، — مەن چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل پويىز ستانسىسىغا چىقىمەن. سەنمۇ يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ كېلەرسەن.

ئەھەد ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگىلا ئامىنەنىڭ يۈرىكى بىر خىل جىددىيچىلىك ئىچىدە ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. بۇ خىل ئۇچرۇشىشتا، ئۇنىڭ پۈتۈپ كېلىۋاتقان يارىسى قايتا تاتىلانغان بولماسمۇ؟

ئامىنە مۇشۇ ۋەسۋەسە بىلەن دوختۇرخانىدىكى تۆت سائەتنى تولىمۇ تەسلىكتە توشقازدى. ئۇ، مەكتەپتىن چۈشلۈك تاماققا كېلىدىغان بالىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ ئەھەدكە يېتىشىۋالماقچى، ئۇنى ئارۇپ بىلەن ئۇچراشىلىققا قايىل قىلماقچى بولدى.

ئەھەد ستانسىغا يېتىپ بارغۇچە، پويىز ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جىددىيلىشىپ كەتتى. مىغ - مىغ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇيان دوقۇرۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ يۈرۈپ چۆپ بولۇپ كەتتى. پويىز غەربكە قاراپ قوزغالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ۋوگزال قۇپ - قۇرۇق ۋە جىمجىت بولۇپ قالدى.

ئۇ، ئىلاجسىز قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ ھېلى كىرگەن يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، بۇ يەردىمۇ ئادەم ئايىقى ئۈزۈلگەن بولۇپ، نىمىشكىدۇر سۈرلۈك بىلىندى. ئۇنى تېنى جۇغۇلداپ، بىرنەچچە قەدەم بېسىشىغا گەجگىسىگە تەككەن قاتتىق بىر مۇش ئۇنى چۆچۈتۈپ جان - پېنىنى چىقاردى. ئۇ، قورقۇنچ ئىچىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، ۋاقىرىۋەتتى:

— ئارۇپمۇ سەن؟!

ئارۇپ پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پاتتىغىدىن ئامبۇردەك قىسىپ، چەكچەيگەنچە دەۋەيلەپ تۇراتتى.

ئەھەد تەمتىرەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك:

— نېمە بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىسەن؟ مەن سېنى تېخى...

— ئاغزىڭنى يۇم، — ئارۇپ كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا ۋاقىرىدى، — مەن تىمىسقىلاپ يۈرگەن بولسام، سېنىڭ ئاتالمىش «ئوچۇق - ئاشكارە» ھەرىكىتىڭنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇرۇن قىلغانلىرىڭنى ئاز دەپ، بۈگۈنكى پايلاقچىلىقىڭ بىلەن يەنە نېمىگە ئېرىشمەكچىدىڭ ھە مۇناپىق؟

— ئارۇپ، — دېدى كۈتمىگەن بۇنداق سۆزلەردىن گاڭگىراپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى ئويلىمايلا سۆزلەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلغان ئەھەد، — مەن بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ پايلاقچىلىق قىلىش مەقسىدىدە چىققىنىم يوق. چۈشەنسەڭ...

— تولا ۋالاقلىما! چۈشەنمەيدىغان يەنە نېمىسى باردى، ھەممىسى چۈشىنىشلىك، — زەردە بىلەن كېسىپ ئېيتتى ئارۇپ، — توپىلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلاپ ئېرىشىۋالغان ھارام بەختىڭنى ماڭا كۆز - كۆز قىلغىلى چىققانسەن تايىنلىق.

— ئارۇپ، ئۆتۈنۈپ قالاي، گېپىمگە قۇلاق سال. بۇرۇنقى ئىشلارغا مەن

تامامەن ئىقرارمەن. بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئېغىز - بۇرنۇمنى قان قىلىۋەتسەڭمۇ مېنىڭ ساڭا قارشىلىق قىلىشقا ھەققىم يوق. بۇ توغرىدا ساڭا نۇرغۇن گەپلىرىم بار. ئاداش، ئاۋال ئاچچىقىڭغا بىرئاز ھاي بەرگىن.

ئاروپ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ، پويىزدا كېلىۋېتىپ: «ئامىنە ئالدىمغا چىقماي قالمايدۇ، چۈنكى ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېلىقى خەتنى ئاۋال ئۆزى يازغان، مېنىڭ خېتىمدىنمۇ ھەممە ئەھۋاللارنى تولۇق چۈشىنىپ بولغاندۇر. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ مەن بىلەن بىر كۆرۈشمىسە بولمايدىغان يەرگە يەتتى...» دەپ ئويلىغان ۋە ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە روھلۇق ھەم يېنىك ھېس قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، پويىز ئۇرۇمچى ۋوگزالىغا كىرىشى بىلەن تەڭ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى تولۇق چۈشۈرۈۋېتىپ پۈتكۈل دىققىتى بىلەن ئامىنەنى ئىزلىدى. ئۇ، بۇ يەردە ئۇچۇرىغان بىرەر ئايالنىمۇ نەزىرىدىن ئۆتكۈزىۋەتمىدى، ئەپسۇسكى، ئامىنەنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ، ئەگەر ئامىنە ئالدىمغا چىققانلا بولسا ۋوگزالدا بىر ئادەم قالغۇچە بولسىمۇ ساقلاپ تۇرىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ بىر چەتتە كۈتۈپ تۇردى. شۇ ئەسنادا، ئۇ ئەھەدكە دوقۇرۇپ قالدى (ئۇنىڭ ۋىچىكىنە بويى، چېقىر كۆزلىرى، ئاندا - مۇندا چېچەك ئىزى بار چوقۇر يۈزىدىن ئۇنى ئوڭايلا تونىۋالدى). «ھىم، مېنىڭ خېتىمنىمۇ، تېلېگراممامىمۇ مۇشۇ مەلئۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتىكەن - دە! ئەلۋىدا ئامىنە، سەن بىلەن ئەمدى باقى ئالەمدە كۆرۈشىدىغان بولدۇق. خەپ ئەھەد، مەن ساڭا بۈگۈن ھەققىي ئەركەكنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام...» شۇ ئوي بىلەن ئۇ غەزەپكە تولۇپ، ئەھەدكە قەھرى بىلەن ئېتىلغانىدى.

— پەستە سېنى ماشىنا كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئامىنەمۇ چۆچۈرىنى تۈگۈپ بولۇپ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرىدىغاندۇر. جۇر ئاداش، قالدى گەپلەرنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىۋالىمىز، — دېدى ئەھەد.

ئاروپ بۇ گەپ بىلەن چىپپىدە توختاپ قالدى. چۈنكى، ئەھەدنىڭ ھازىرقى ئاھاڭىدا قىلچە ساختىلىق سېزىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆيگە چامغۇر، يۈزىگە پىننە سېلىپ ئېتىلگەن چۆچۈرىنى ئاروپنىڭ قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىرگە ئەھەد، يەنە بىرگە ئامىنەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئارىدا شۇنچە يىللار ئۆتۈپ تۇرۇپمۇ ئەھەدنىڭ بۈگۈن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شۇ تاماق بىلەن كۈتىۋالماقچى بولغىنى، يەنە كېلىپ بۇ تاماقنى تېخى ئامىنە ئۆز قولى بىلەن ئەتكىنى، دىلى يۇمشاق ئاروپنىڭ قەلبىنى بىردىن ئېرىتىپ، غەزەپ - ئۆچمەنلىكلىرىنىمۇ، رەشىك ئوتىنىمۇ بىراقلا ئەستىن چىقاردى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە «راست، ئەھەد ئۆز خاتالىقىنى

ئاخىر تونۇپتۇ. گۇناھىغا ھەقىقىي تـوۋا قىلىش گۇناھسىزلىق بىلەن بارابەر، ئۇنىڭ ۋاقىت چېكى يوق» دەپ پىچىرلىغاچ، ئەھەدنى قاماللاپ تۇتقان قولىنى لاسسىدە بوشاتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى. ئەھەد كۆزىنى ئۇنىڭدىن دەرھال قاچۇرۇپ، بېشىنى گۇناھكارلارچە تۆۋەن سالدى. ئارۇپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي ئۈن - تۈنسىز تۇرۇپ قالغانىدى، ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئالدى.

ئامىنە پويىز ستانسىدىكى بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرى ئادەم ئايىقى خېلى شالاڭلىشىپ قالغان ۋوگزال ئىشىكىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئۆزى قوغلاپ چىققان ئەھەدنىڭ سومكا كۆتەرگەن ئىگىز بوي بىرسى بىلەن پاراڭ سېلىشقاچ كېلىۋاتقانلىقىغا چۈشكەن ئىدى.

«ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلاي، بۇلار ئۇچرۇشۇپ بولۇپتۇ - دە!» ئامىنە ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى ۋە ئۇلارنى يوشۇرۇن ھالدا كۈزىتىپ تۇردى:

ئۇلار ئېمىشكىدۇر توختاپ قېلىشتى. ئارۇپ ئەھەدنىڭ قولىدىكى سومكىغا قولىنى ئۇزاتتى. ئەھەد بەرمىدى. ئارۇپ تالاشتى. ئاخىرى ئارۇپ بىر قولىدا ئەھەدنىڭ قولىدىكى سومكىسىنىڭ بېغىغا ئېسىلىپ، بىر قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ تەمكىنلىك بىلەن ئۇزاق سۆزلىدى. ئەھەد باشتا ئېمىلەرنىدۇر دەپ بېشىنى سىلكىپ، يېلىنغان نەزەردە ئۇنىڭغا تىكىلىپ سومكىنى قويىۋەتمىدى. ئارۇپ بولسا تۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي كەسكىن سۆزلەيتتى. ئاخىرى ئەھەدنىڭ قولى بوشاپ، سومكا ئارۇپقا ئۆتتى، ئاندىن ئارۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، بىراق ئەھەد قولىنى بەرمەستىن غۇلچىنى كەڭ كېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى ........

ئامىنەنىڭ كۆز چاناقلىرىدا؛ قېلىن پەردە تارتىلىپ داۋاملىق قاراشقا ئىمكان بەرمىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە تۇرىۋاتقانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ قولياغلىقىنى ئىزدىدى. كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ قارىغاندا، بۇ ئىككىسى ئالدىقاچان مەيداندىكى ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ بولغانىدى. ئامىنە بۇ ئەھۋالغا ئەجەپلىنىپ ئۈلگۈرمەيلا ئاپتوبۇس يېتىپ كەلدى. ئارۇپ قايتا - قايتا قول پۇلاڭشىتىپ، بۇ يولىنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەن كېتىپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئامىنە ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئارۇپ مېھمانخانىغا جايلىشىپ بولۇپلا، تەگشەلگەن ۋاننا سۇيىدە راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن گويا پۈتكۈل روھى ئازابلىرى ئاشۇ سۇدا ئېرىپ تۈگىگەندەك ئۆزىنى بىردىنلا يېنىك ھېس قىلدى. ئاندىن ياتاقنىڭ ھاۋاسىنىمۇ ئالماشتۇرغۇسى كەلدى بولغاي، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئۇلۇق ئېچىۋەتتى. كۆكلۈك ئاپرېلنىڭ سوغ لېكىن يېقىملىق شامىلى تەبىئەتنىڭ چوڭقۇر باغرىدىن باھار ھىدى-

نى ئېلىپ غۇرۇلداپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇ ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلانغىنىچە دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە كەچلىك ئۇيقۇسىغا بىخارامان ئۇزاپ كېتىۋاتقان سېخى قۇياشنىڭ ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئەكس نۇرلىرىغا ئىپتىخارلىنىپ كۆز تىككەن ھالدا قەلبىدىكى تۈگىمەس-پۈتمەس غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ كۆڭلىدە ئامىنەگە ئاخىرقى خېتىنى يازدى:

سۆيۈملۈكۈم ئامىنە، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزگە ھېلىقى خەتنى يېزىپ سىزنى ئاۋارە قىلدىم. چۈنكى، ئۇ چاغ ۋۇجۇدۇمدىكى، سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكىنىڭ بېسىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېپىرلاشلىرىدىن خىيالىم بۇلۇتلىرى زەرەتلىنىپ، قەلب ئاسمىنىمدا يانغان مۇھەببەت چاقمىقىنىڭ ۋاللىدە چاقنىغان ئۆتكۈر نۇرىدا ھايات مەنىسى، ھايات لەززىتىنى چالا-پۇچۇق كۆردۈم. نەتىجىدە قانۇن ھىمايىسىدىكى نىكاھىڭلارنى رەسمىي بۇزماقچى بولغان ئىدىم. بىراق، بۇنداق قىلىشىڭ ئۆزى تولىمۇ خاتا بولىدىكەن. مەن بۇنى تامامەن تونۇپ يەتتىم. راستىمنى ئېيتسام، ئەھەدىنىڭ سىزنى باشتىن-ئاخىر ئىزچىل سۆيۈپ، قەدىرلەپ كېلىۋاتقان شۇ بىرلا تەرىپى مېنىڭ بۇ سەۋەنلىكلەرنى تېزدىن تونۇۋېلىشىمغا تۈرتكە بولدى.

ئامىنە، ھېلىقى رەھىمسىز يىللارغا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلگەن بۈگۈنكى كۈندە، يەنە ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ كۆڭۈل ئارامىڭىزنى بۇزماڭ. ھايات يەنىلا گۈزەل، مېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىممۇ چوقۇم شۇنداق. چۈنكى مەن تېخى ياش!

ئامىنە، ئەمدى بىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزنى ئۇنتۇش قىيىن بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىك، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلىك. مەن، ئەتىكى تاڭدا بۇ يەردىن ھېلىقى چەت، ئەمما بەكمۇ قەدىردان يېزىمىزغا قاراپ ئۇچماقچىمەن. بەلكىم بىز بىر چاغلاردا يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز ۋە بەلكىم بىر ئۆمۈر كۆرۈشەلمەسمىز. ئاخىردا سىلەرگە تېخىمۇ زور بەختلەر تىلەيمەن. خەير، ئامان بولۇڭلار!......


1986 - يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى



بېلىقىز سادىق 1944 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1961 - يىلى كان مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدا تەرجىمان، كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدا تەرجىمان.

ئۇنىڭ «ئوقۇتقۇچى»، «ئاچچىق ساۋاق»، «كۆرۈنمەس يىپلار»، «ياش رازۋېدچىك»، «نادامەت كۈلكىسى»، «جەسەتنىڭ سىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى 1984 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان.




## مارچاننامە

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

... شەپقەت ئىلاھىسى

ئالەمدە ئەڭ مۇقەددەس، پاك ۋە تاقەتلىك، ئەڭ يۈكسەك، ئاقىل ۋە شەپقەتلىك ئىلاھنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. ئۇ، ھايات زەنجىرىنىڭ ھالقىسى.

شەپقەت ئىلاھلىرى ئىستىقامەت ۋە ئىلتىجا، ھەمدۇ - ساناۋە مۇناجات تەلەپ قىلىدۇ. ئانا - بالا ئارزۇسىغا ئاشىق بولغان، ئۆز قارنىدا پەرزەنت تۆرەلمىسىنى قان ۋە ھايات جەۋ-ھىرى بىلەن تەييارلىغان، ھاياتلىق سەلتەنىتى بولغان بالىنى ئۆز ھاياتىدىن ئەتىۋار بىلىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۆستۈرگەن، پۈتۈن ئەقىل ۋە ئەندىشىسىنى پەرزەنت ئۈچۈن سە-رپ قىلغان، ئۆزىنىڭ نادان ئوغلىنى ياكى تەنتەك قىزىنى تەگدىشى يوق ئىشتىياق بى-لەن ھەمىشە سۆيگەن، ئۇنىڭ تۆپەيلى، ۋاپاسىز مەھبۇبىنىڭ ئازاب ۋە ئېغىر چىدىغۇلىرىنى كەچۈرۈپ، ھايات چاڭگىسى بولغان ئائىلىنى جانلاندۇرغان ئەجىرلىك ۋە مىننەتسىز ئىلاھى.

مەن ھەيرانمەن: ئاسمان گۈمبىزى بولۇپ ئىلاھى بىلەن چاقماق تەگرىسىگە تارلىق قىلىدۇۋاتسا، ئولىمپىك تېخى يۇنان خۇدالىرىنىڭ رەشكچىلىك مەيدانى بولۇپ تۇرۇۋاتسا، دېڭىز - ئوكيانلاردا سۇ پەرىلىرى بىلەن دەريا مۇئەككىلىرى چوقان كۆتۈرۈپ تىنچىمىسا، زې-مىن ئۈستىدە جەڭ قەلەملىرى بىلەن قان سىيالىرى نەرە تارتىپ، سانسىز ئوتلۇق توپان-لار پەلەككە ئەرۋاھتەك قول سوزۇپ، قۇشلارغا ئورمان، دەۋرىشلەرگە ئىبھرام قالدۇرماي كۆي-دۈرۈپ تۇرسا، يەنە ئاسمان، زېمىن، دېڭىز - ئوكيانلاردىمۇ كەگرەك پانالىق جاي قالدىمۇ...

ئانا! سەن كۆكسى كەڭ، ئۈمىدى پاك، قەلبى ئىللىق، خاتىرىسى كەچۈرۈمچان، تاقى-تى تولۇق، دىيانىتى ئۇلۇغ شەپقەت ئىلاھىسى.

سەنسىز ئالەم چاقى ئۈچۈپ كەتكەن ھارۋا، ئەقلى كۆتۈرۈلگەن دانا، ھاۋا قاپچىسى-دىن ئايرىلغان بېلىق، قاناتسىز بۈركۈتتەك قىيا - چىيالىق قىيامەتكە بەنت بولغان بولاتتى.

مەن ئايال جىنسىنى ئىززەتلەيمەن، شەپقەت ئىلاھىنى خاتىرىلە. ئۇنىڭ شەنىگە داغ

تەككوزمە. ئۇنى ئۇلۇغ قىلغان نەرسە قان ئەمەس، ئوتلۇق مۇھەببەت!
مەن قاقاقلاپ كۈلىمەن. مەن ياخشىلىقلار ئىلاھىنىڭ ئالەمشۇمۇل كۈلكىسىنى تەكرار-لايمەن.

ئۇ كائىنات قەلبىنىڭ گەۋدىسى!

ئىنسانىيەتنىڭ شاھىدى!
كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى!
ئۇ ئۆز ئىشىنى ئاخىرلاتقان جەھەننەمنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان ھەقىقىي باغۋەن!
ئۇ دېڭىز قەرىنىدىكى مارجانلارنىڭ جۇلالىسى!
مەن مۇھتاجلىق ۋە قۇللۇق دۇنياسى ھېچقانداق ساختا نىقابسىز ئۇلۇغ ئىنسانىيەت باھارىغا ئايلىنىپ، تارىخنىڭ تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزگىنىدە بۇ كۈلكىنى يەنە تەكرارلايمەن.
بۇنىڭا گۇمانلىنىش ئالەمنى ئۇنتۇغانلىق.
ئۇ بىر پارچە ئوت. ئوتنىڭ ۋەزنى بولمايدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تۇغدىغان پەرىزات شەكلىگە كىرگەن دالا گۈلخىنى. ئۇ ۋەزنى ئېغىر ۋە ئۆز - ئۆزىنى كۆپەيتەلمەيدىغان سۇ ئىلاھىنىڭ ئاتىسى.
ئۇ بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ جەۋھىرى! ئۇ يەنە بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ ئۆلۈم مەبۇ-دىسى! ئۇ ئۆز - ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىدىغان بەد جۇدۇن ئىككى باشلىق ئەجدىھار!
سەن ئەقىل ۋە دىيانىتىڭ بىلەن، نومۇس ۋە ئىپتىخارىڭ بىلەن بۇ پاراسەتسىز قەھرىمان، شەپقەتسىز قوتازنى نۇقتىلا. ئەقلىڭ ئۇنىڭ پەرىزات ھۆسنى، سېھىرلىك كۆزى ۋە ئەۋرىشىم چاچلىرى تەرىپىدىن يوگەنلەنمىسۇن.
ھايات ـ ماماتا ئېلىشىشىدا، سېنىڭ ئالدىڭدا ئالەم ئېغىر ھاسىرايدۇ...
ئالەم مۇرەككەپلىكلىرىنى سىغدۇرالمىغانلىقى توپەيلى، جاراھەتلەنگەن سىنەم ئازابلىنىدۇ. مېنىڭ ھېسسىياتلىرىم مۇھتىنىڭ سىگنالى!
ئەقلىيە سۆزلۈكلىرى ئۆزمەشۇقىنى يوقاتقان كىشىنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى داۋالالارمۇ...
سەن ھېسابسىز ئۈنچە - مارجان بىلەن قوينى تولۇپ مەغرۇر بۆژغۇنلار چاچ-رىتىپ ئۆپقۇندىغان دېڭىزسەن.
يىللىق كۆز ياشلىرىم بىلەن نېمىگىدۇر بىردىن پەسىيىپ ھەسرەتكە چۆكتۈك.
سەن جىمجىت پىكىر سۇرۇشكە باشلىدىڭ.
سەن غەزەپ ئىچىدە يانغىنىڭدا قىزىل ياقۇتتەك چولپانسەن.
سەن قاقاقلاپ كۈلگىنىڭدە گۈلشەنگە چاپقان قۇلانسەن.
سەن جىمجىت خىيال سۇرگىنىڭدە ھىكمەت تولغان ئوكيانسەن.

سەن تەبەسسۇم بىلەن سۆزلىگىنىڭدە سېھرىنى يېشىدىغان ئىرپانسەن،

پاھ! ئاققۇغا مىنىۋالغان تۆت باشلىق ئالەم بىنا قىلغۇچى براخما ①

ئاھ! دېڭىزدىكى ئەجدىھاغا مىنىۋالغان ھامىلىق مۇئەككىلى بىشنۇ ②

ۋاھ! يىلان شارپىنى بوينىغا ئورىغان، ئۈچ كۆزلۈك ھالاكەت مەبۇدى سىۋا. ③

مانا بىر تىزىق تەڭرىلەر...

ئۇسسۇل ئىلاھى، جەڭ خۇداسىنىڭ ئاتىسى ۋە سېغىنىش مەبۇدى ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك ئىقتىدارلىرىنى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم قىلغان.

مەن ئەكسەرىيەت بىلەن تولغان قەدىمكى ئالەم ئەپسانىلىرىگە تۈنۈگۈنكى چىنلىقتەك تەئەججۈپلىنىمەن.

سەن سۇنغان گۈلرەڭ مەيزاپ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

سەن كۆيدۈرگەن ياغ كۆيىكى ساقىيىپ كەتتى.

سەن سانجىغان تىغ زېدىسى ئىزسىز تىندى.

سېنىڭ شېرىن شىۋىرلاشلىرىڭ ۋە مەنىلىك سۆزلىرىڭ تۇماندەك تارقىلىپ كەتتى.

بىراق، بىۋاپالىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بوران - چاپقۇنىدا سالماق - سالماق تۆكۈلگەن ئاچچىق - ئاچچىق تەنلىرى خۇددى بالىلىق چېغىدا تۇرۇپ قالغان قوغۇشۇن ئوقتەك سانجىپ ئاغرىتىدۇ. ئۇ نېمىنىدۇر پىچىرلايدۇ، چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇنى قايتۇرىدىغان داۋا يوق. مەن ئاق دىللىقىم بىلەن مۇشۇ خىياللىرىمغا خىجىللىق ھېس قىلىمەن ...

گۈزىلىم، شەپەق ئۈستىگە چىقىپ ئالەمنىڭ ماھىيىتىگە قارا. بۇلۇت تۆپىسىدە تۇرۇپ زېمىنغا نەزەر سال. دۇنيا زىددىيەت بىلەن، زىددىيەت بىۋاپالىق بىلەن، قۇرۇقلۇق سۇ بىلەن، كۈلكە كۆز ياشلىرى بىلەن چايقىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كۈلكىلىك پاجىئە، پاجىئەلىك كۈلكە ئويۇنى. ئاچچىق يىغلاپ ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلگىن. بۇ ئۇنىڭ زاتىغا مۇناسىپ ھېكمەت ...

ھاياتنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىدە، ھەر بىر مەنپەئەتدارلىق بۇسۇغىسىدا، ھەر بىر ياشلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدىكى جەڭدە بىلىم ئەخلاققا، ھەقىقەت پەزىلەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

چۈنكى ئۇ ئۆز غورۇرىدا كەمتەر، ئۆز ئىززىتىدە مەغرۇر.

كۆزىنىڭ شاھىتلىقىنى پەرۋاسىز تاشلاپ، قۇلاقنىڭ دەلىللىرىگە ئىشىنىپ كەتمە. كۆزىنىڭ نوپۇزىنى بېسىپ چۈشكەن قۇلاق شۇبھىلىك شاھىت.

كۆزىنىڭ يېڭىلىشىگە ئىشەن.

كۈلكۈلىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن چۆچۈيمەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئاتىلونىڭ ھازىسى مېنى ھەسرەت شارابى بىلەن سەگەك قىلىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ مەھلىيا كۈچى تەرىپىدىن سېھىرلەنگەن چېغىمدا ئۈمىدۋارلىق ھېس قىلىمەن.

---

① ② ③ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى تەڭرىلەرنىڭ نامى

بۇنداق ماگنىتتىن ئايرىلغىنىمدا ئۈمىدسىزلىك تەرىپىدىن جادۇ قىلىنىمەن. جەزىپ قىلىنىمەن

بەخت مەبۇدى «قۇتلى» بىلەن گۈلزار ئاشىقى «بۇلبۇل» دىئالوگلاشتى.

قۇتلى: ساڭا بەخت كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

بۇلبۇل: شۇنداق، مەن ئاڭا تەققەززا.

قۇتلى: مەن ساڭا شۇنداق سائادەت ئەڭگۈشتەرى ئىنئام قىلايكى، ئۇنىڭ شاراپىتى سەن خالىغان چېغىڭدا ئەرشكە ۋە بىھىشكە چىقىپ، ئۆلمەسلىك كەۋسەرلىرىنى ئىچىپ، هۆر ۋە رىزىۋانلار بىلەن ئىشرەت سۆھبىتى قۇرالايسەن. ئۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ تەھلىكىسى يوق.

بۇلبۇل: بۇ مەن ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ياكى ئۆلۈم ئالدىدىكى خىيالى ئۈمىد. مېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىم بۇنىڭ ئەكسى.

قۇتلى: بۇ قانداق بەخت.

بۇلبۇل: قايغۇ ۋە شادلىقلار ئىقلىمى، باهار ۋە زېمىستان دۇنياسى، ئۈمىد ۋە كۈرەش مەيدانىدىكى قىسمەت ۋە جاسارەت بىلەن تولغان مۇشۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بەختى.

قۇتلى: ئەجىبا ...

بۇلبۇل: چۈنكى، ئۇنىڭدا هادىسىلەردىن خالى بولمىغان ۋە مېنىڭ سەنەمنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىنسانىيەت تەقدىرى پەلەك بىلەن شاھمات ئوينىماقتا. مەنمۇ ۋاقىت ۋەھ-مىسى بىلەن قاتار تۇرۇپ ئويناپمەن. ئۇ مېنى هالاك قىلىدۇ، مەن ئۇنى قول قىلىمەن،

قۇتلى: خالىغىنىڭ بولسۇن.

سەن تەڭدىشى يوق گۈزەل.

سەن ئۇرۇقى يوق يىگانە تۇغما گۈزەل.

گۈزەلىم، ئەدىپىمنى بېرىش ۋە رەھمەسىز غەزەپ ئىنسانىيەتنى بالايى - ئاپەتكە گىرىپتار قىلىدىغان هالاكەت مەبۇدىنىڭ خاسىيىتى ئىكەنلىكىنى سېزىمەن. ئۇ ئاپەتنىڭ ئۇرۇقى ئۇ، مەغرۇرلۇقنىڭ توپان بالالىسى. ئۇ كائىناتنىڭ ئەڭ تەشۋىشلىك دۈشمىنى.

ئۇتىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمە، ئۇ ئەرۋاھىڭنى ئاسمانغا ئېلىپ كېتىدىغان ئەزرائىلنىڭ ئېتى، هالاكەت تەڭرىسى قىرغىنغا چۈشىدىغان قان سەھنىسى.

هايات سۆيىمنى مەنىسىز ئىسراپ قىلىسەن.

ئۇ ئاز قالغاندا ھەسرەتلىنىپ كۆز يېشى قىلىسەن.

ۋاقىت ئارقىدا پۇشايمان قىلىش ئورۇنسىز، ئۆلۈم ئالدىدا ئېچىنىش پايدىسىز.

قۇشلار سايرىدى، سەن تېخى ناخشاڭنى باشلىمىدىڭ.

شامالار ئۇچۇرقىدى، سەن تېخى نىگارىڭنى ئاچمىدىڭ.

گۈللەر ئېچىلىپ سالدى، سەن تېخى تەبەسسۇم بىلەن كۈلمىدىڭ.

سېنىڭ ھەسەتخور قەلبىڭگە ئاقكۆڭۈللۈك زەپەر مەشئىلىنى ياققاندا، سېنىڭ نادان ۋە جاهالەتلىك تەلۋە كۆكسىڭدە نۇر مالائىكى تەبەسسۇم قىلىدۇ. سەن رەشكى توزىقىدىن قۇتۇلغاندا، تۆت ئەتراپ ساڭا سۆيۈملۈك گۈزەل گەۋدىسىنى ئاچىدۇ. شۇ چاغدىلا سەن مۇ-

ھەبىبەتنى ۋە ئىززەتنى نۇمۇس ئىچىدە ھېس قىلىسەن، بۇنىڭ يولى بىر: مەغلۇبىيەتكە ھازىرلىنىش.

شېئىرلىرىم ئالەمنىڭ تېرەن تەكتىدىن شىۋىرلايدۇ.

مەن مەشۇقۇم بىلەن ئىككى شەبنەم تامچىسىدەك بىر لالە يوپۇرمىقى ئۈستىدە ياتىمىز. ئۇ ماڭا: ئاڭلا ئەزىزىم، سېنىڭ يۈكسەكلىكىڭنى شاماللار تەرىپلىمەكتە، دېدى. مەن ئاڭا: تىڭشىغىن ئامرىقىم، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى يوپۇرماقلار قوشاق قىلماقتا، دېدىم.

ئۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ شۇنداق قىزاردىكى، بىر پارچە چوغقا ئوخشايتتى. مەن ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ قىزاردىم. مەن بىر قەدەھ قىزىل ئۈزۈم هاراقىغا ئوخشاپ قالدىم.

مەن سېنى سېغىنغاندا كۆز يېشىمنى دەريا قىلىمەن.

ئۇ تامچىيدۇ، تارامليدۇ، سۈرەن سېلىپ ئاقىدۇ، ئۇپقۇن كۆتۈرىدۇ.

سەن ئۇپقۇنلار قايىنمىدىن بېلىق پەرىسىنى خۇددى سۇ ئىلاھىدەك مەرۋايىت بۈرۈغۇنلار چاچرىتىپ كۆتۈرۈپ چىقىسەن. سېنىڭ ئاپئاق قاشتېشىدەك ئۇڭ قولۇڭدا ئۈستىگە زەر قاپچا يېپىلغان مەرمەر قۇتا تۇرىدۇ. بۇ ماڭا ئاتىغان «سۆيگۈ سۈيى» قاچىلانغان قۇتا!

ئۇ بىرۇمىتوسىنى زەنجىر باغلاقتىن خالاس قىلىدىغان، تاشقىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، ھەممە تەتۈر ئەفسۇنلارنى ياندۇرىدىغان ئادالەت ھېكمىتىنىڭ كىمىيالىق زەمزىمى.

چاچ، بۇ «سۆيگۈ سۈيى» نى ئالدى بىلەن مۇھتاجلارغا چاچقىن.

ئۇنتۇلما، مەن سېنى ئۇلار ئۈچۈن سۆيىمەن ۋە سېغىنىمەن.

بەخت مەلىكىسى، مەنمۇ رامادەك ① سېنىڭ ئالتۇن قەسرەڭدە شىپۇنىڭ ② كارامەتلىك ئۇقياسىنى قولۇمغا ئالدىم. ئەمدى مېنىڭ مەشۇقۇم بولۇشۇڭ ئىلكىمدىكى ئىش. مېنىڭ كۆتەرگىنىم جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئېغىر ئۇقياسى.

سېنىڭ ماڭا ئۆلپەت بولۇپ مۇشەققەت چېكىشكە رىزا بولغانلىقىڭ قەلبىمدىكى بەخت.

سەن مېنىڭ ماھارىتىمدىن خۇشال بولۇپ كۈلگىنىڭدە، مەن سېنىڭ مەن بىلەن چېكىدىغان قىسمەتلىرىڭدىن ئەنسىرەپ تىترەيمەن.

ئۇنتۇلما: زوقلۇق خۇشاللىقلىرى بىلەن پاجىئەلىك مۇشكۇللۇكلەر بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىدۇ ۋە بىزگە باش ئېگىدۇ.

ئېخ، ئۇچار قاناتلار.
ئورمان سىلەرنىڭ شېئىرىيەت مەدرىسىڭلار،
ئاھ، تىزىلىپ ئۇچقان تۇرنىلار.

سىلەر سانسىز پەي قەلەم بىلەن ئۈچمەس سىيانى كۆتۈرۈپ ئۇچقان شېئىرىيەت يۈكى.
مەن سىلەرنى خۇشال ئارزۇلار ئىچىدە ئۇزىتىمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ قاچىلاپ تولمايدىغان خەزىنىسى ئۈچۈن مارجان ئۇۋلايدىغان تۆمۈر

① ② (ھىندىلارنىڭ «رامايانا» داستانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ نامى)

تورلىرىنى دېڭىز ئاستىغا تاشلىدى.

ئۇ تورغا چۈشكەنلەر ئۈستىدىن مەسخىرە بىلەن كۈلىدۇ.

مارجانلار ئالدانماڭلار.

ئالەم ماڭا نىدا قىلىدۇ: مەن ساڭا سەر خىل ناك ھەدىيە قىلىمەن.

مەن خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى سوزىمەن.

ئۇ ماڭا: بىراق ھەر قېتىمقىسىنىڭ بىر پۇچۇقى تەم، دېدى.

مەن بۇڭا ھەيران بولۇپ، قالغان پۇچۇقىنى ئىزدىگىنىمدە، ئۇ ماڭا: مانا، مانىمۇ ئال، بىراق كەم قالغان پۇچۇقىنى ئىزدىمە، بۇنىڭمۇ بىر پۇچۇقى يوق، دەيدۇ. بوگىمۇ ھەيران بولىمەن.

ئالەم قاقاقلاپ كۈلىدۇ ۋە بىردىن جىمجىت بولۇپ يېقىنلاپ شىۋىرلايدۇ: سۈرۈشتۈرمىگىن، مەن ھەمىشە شۇنداق ھەدىيە قىلىمەن. بۇ كائىناتنىڭ دائىملىق ئادىتى، مەڭگۈلۈك مەخپىيىتى...

چوڭقۇر ئويلىدىم. ئۇڭا تەقلىت قىلىشنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئۆزگىلەرگە ئاتىغان مۇھەببىتىم مۇكەممەل ھەم مۇجەسسەم.

ئېخ مېنىڭ گۈزىلىم، ئالەم گۈزەللىكىمنىڭ كۆزى.

ئاھ مېنىڭ سۆيگۈمنىڭ مۇرەببى. ئاھ مېنىڭ ئىلاھىم.

مەن سېنى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە بىلەن — مۇھەببىتىم بىلەن قەدىرلەيمەن. بىراق مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس.

سەن ئۆزىنى «سېنىڭ چاكىرىڭ»، «سېنىڭ قۇلۇڭ» دەيدىغان ھەر قانداق كىشىنى مەھبۇب شەكلىگە كىرىۋالغان ئېزىتقۇ دەپ چۈشەن. چۈنكى ساڭا ئېرىشىش نىيىتىدە ئىنسانىي قەدرى-قىممىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغان كىشى. سەندەل ياغىچىدىن ئىسىرىق چىقىرىش غەرىزىدە پۈتۈن دەرەخنى ھالاك قىلىشقا ھازىرلانغان كىشىدۇر، ئۇ سېنى قول قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇللۇق ئورنىدا كۆرسىتىدۇ.

گۈزەللىك چۆرىسىدە ھىلە-مىكرى بولۇتلىرى خۇددى ئاي چۆرىسىدىكى تۇتەك قوتاندەك ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۇنى خىرەلەشتۈردى.

گۈزىلىم، سەن — ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەكلىكى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ ئىلھامى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئۈلگىسى، ئۇنىڭ ئۈمىدىنىڭ غايىسى.

مېنىڭ ئىلاھىم. مەن سېنى غورۇر بىلەن سۆيىمەن. ئۇنىڭ ئالدى گۈل، ئارقى قان!

ئۇ ۋىجداننى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت پايدا - زىيان.

ئۇ ئىنساپنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى ھىيلە - مىكىر.

ئۇ نومۇسنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى مەنپەئەت قاپقىنى ئالدىدىكى غەنىمەتنى چۆچۈتۈپ قويىدىغان «تەسىر».

ئۇ، ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭچە بۇنداق پەزىلەت مەنپەئەت تورىنىڭ بىجىرىملىكىگە ئەۋەن سالىدىغان ھاماقەتلىك.

ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بولۇشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھەمىشە غالىب.
ئۇنىڭ ئىپرىشكىنى خىيالىي قەھرىمانىنىڭ ھەقىقىي ھەسرىتى.

مەن سىنىڭ گۈزەللىكىڭنىڭ مۇنازىرىسىز شاھىدى.
مەن سىنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ ھەسرەتسىز قۇربانى.

ئۇ مەغرۇر، شۇڭا ئۇ سىنىڭ مەغرۇرلۇقىڭ توغرىسىدا ۋايسايدۇ.
ئۇ ئالدامچى، شۇڭا ئۇ سىنىڭ سىخى ئەمەسلىكىڭدىن كايىيدۇ.
ئۇ گۇناھكار، شۇڭا ئۇ ئىستىخپار ئوقۇشنى ساڭا يۈكلەيدۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ «سىرلىق» قىياپىتىنى ھەمىشە ئاشكارىلايدىغان ھەۋەسكار.
ئۇ ئالەمشۇمۇل مەسخىرىگە كۆڭلى سۇنماس قەيسەر.

ئىيخ شامال تەگرىسى. سەن كۆيۈپ تۇرغان شامنى ئۆچۈرىسەن. سەن جىمجىت ئۇچ-قۇنىدىن چەكسىز ئوت دېڭىزى ھاسىل قىلىسەن. سەن يوقلۇقنىڭ ئوغلى، مۇتلەقنىڭ ئاتىسى.

ئەكس سادا چىقارمايدىغان ئاۋاز، يامغۇر بولۇپ قۇيۇلمايدىغان ھور، ئۆزىگە ياندۇرمايدىغان ساداق بولمايدۇ. سەن ئەڭ بىزار بولغان نەرسە، سەندىنمۇ ئەڭ بىزار. قايىنامىدەك مۇرەككەپ ھاياتتا، ئەقىللىقىم، ياخشىلىقىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ۋەھىمە ئايۋىنىدا غال-غال تىترىمە!

ۋاقىت، سەن يىلپىز ئۈستىدىن ئۇنىڭ شاھانە لىباسىنى، شىر ئاغزىدىن ئۇنىڭ دەھشەتلىك چىشىنى، توتى كۆكسىدىن ئۇنىڭ رەڭدار كۆڭلىكىنى يۇلۇپ ئالىدىغان قۇدرەت — كارامەتسەن.
بىراق، مىنىڭ شېئىرلىرىم زىمىن بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدا مەڭگۇ سادا چىقىرىدۇ.
ئۇ ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ شېرىن پىچىرلاشلىرىنىڭ داۋامى.
مىنىڭ ئىلاھىم، مىنىڭ شېئىرلىرىم بىلەن بىللە سەنمۇ كېيىنكى يۈرەكلەرگە ئاي-لىنىسەن.

مىنىڭ ھالىمنى سورىساڭ ئۇ ئەجەل مەبۇدى.

سەن قىسمەت ھىلىگەرلىكلىرىگە ماسلىشىپ مەندىن غالىب بولدۇڭ.
سەن زەپەر راۋىقىغا چىققىنىڭدا ئەقىدە شوتىسىنى سۇندۇردۇڭ.
قاقاقلاپ تەمەننا كۆلكىسىگە بېرىلگىنىڭدە، مەنمۇ مەنىلىك مۇلايىم كۈلدۈم، سەن ئۆ-زەڭدىن كىبىر قىلغىنىڭدا مەن ئالەم سىرلىرى بىلەن سېنى كۆزەتتىم.
شۇنداق ئويلىدىم: مىنىڭ چوڭ كۈلكەم ئالدىدا تەمتىرەيسەن. ئىيخ، ھىكمەت دەر-ياسى تارىخ. ئالەمدە مەسخىرە كۈلكىسىدىنمۇ ئۆتكۈر نەرسە بارمىدۇر.
**سالام، ئانا زىمىن!**

سەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ماكانى، ئىنسانلارنىڭ تەگرىلەرنى يىاساپ چىقىدىغان

نەققاشلىق دۇكىنى. . .

سالام، ئانا زېمىن!

سەن كىچىككىنە سەييارە، خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمدەك كىچىك ۋە سىرلىق مۆجىزە.

مەن يامغۇرلىرىڭ بىلەن تەڭ يىغلايمەن، چېچەكلىرىڭ بىلەن تەڭ يىغلايمەن، چېچەكلىرىڭ بىلەن تەڭ كۈلىمەن. مەن سېنىڭ غەرەزسىز پەرزەنتىڭ، ئىقابسىز شاھىدىڭ.

مەن ھەيرانمەن: غالىبىيەت تۇغلىرى ھەيۋەتلىك تاغلار ئۈستىگە قادالغاندا ئېرىشكەنلىرىڭدىن خاۋاتىرلەنمىسەن. زەپەر چېچەكلىرى كۆكۆل سىنلىرىدە بەرگ ئاچقاندا سەمرىگىنىڭدىن خاتىرجەم بولىسەن. زەپەر دەرۋازىسى سېپىل بىلەن ئەمەس، دىل بىلەن باشلىنىپ، مەشئەل بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت بىلەن تەنتەنە قىلىدىغان «زەپەرنامە» نى ئىزدەيمەن.

تەئەججۈپ قىلىمەن: ئۇنىڭ گۈزەل تۇرقى، خۇش پۇراق بوستان چاچلىرى، ئوتلۇق تەپتى، مۇلايىم شىۋىرلاشلىرى، سىلىق ئالقانلىرى، مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوماق كۆزلىرى ماڭا ھىندى شاھلىرىنىڭ پىل قوشۇنلىرى، پىرسىيىكلەرنىڭ نەيزىكەشلىرى، تۈركلەرنىڭ ئوقياچىلىرى، ئىسكەندەرنىڭ تاش ئاتار لەشكەرلىرىدىن مىڭ ھەسسە قۇدرەتلىكتۇيۇلدى. ئۇنىڭ غەلىبىسى مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە مېنىڭمۇ غەلىبەم بىلەن قوشۇلغانىدى ...

زېمىندا يۈزمىڭ يىل ئۆمۈر سۈرۈپ كېسەللىكلىرىمنى ئېغىرلاشتۇردۇم.

ئېخ ئاسمان جىسىملىرى ساڭا ئايغىم تېگىشى بىلەن تۈزۈكرەك شىپالىق تاپالارمەنمۇ يَاكى ئېغىر كېسەللىكلىرىمنى ساڭىمۇ يۇقتۇرۇپ قويارمەنمۇ ...

مۇھەببەت ئىلاھىسى cupid! سەن ئادەمنى ئۆزەڭگە ئوخشىتىپ ياسىدىڭ. كۆزلەرنى بىرجۈپ قىلدىڭ، كالپۇكلارنى شېرىن ھىجران چوغىدا قىزارتىپ تاۋلىدىڭ، ئادەمنى ئوت بىلەن سۇنىڭ، گۈزەللىك بىلەن سۆيگۈنىڭ، ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ ئارىسىغا تاشلىدىڭ. قىسمەت شامالىرى بىلەن ئۇنى توپىدەك توزۇتتۇڭ.

مەن سېنىڭ كارامەت تىياتىرىڭنى مەدھىيىلەيمەن.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئۈنچە - مارجان، ئۇنىڭ كۈلكىلىرى شېرىن مەي.

مېنىڭ قەسىدىلىرىمنى داۋاملىق تىڭشا.

مېنىڭ قەسىدىلىرىمنى داۋاملىق تىڭشا.

كۆزلىرىڭ بىلەن مەپتۇن قىلىپ، تەبەسسۇملىرىڭدىن مەھلىيا قىلدىڭ. كىرپىك ئوقلىرىنى ئېتىپ، ھوشۇمنى يوق قىلدىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىمنى ئوغرىلاشقا چۈشتۈڭ.

سەن ئوغرى، يۈرەك ئوغرىسى. مەن باغۋەن، سۆيگۈ باغۋىنى.

مەيلى سەن مېنى ئېلىپ كەت. كۆكرەك قەپىزىڭدە بۇلبۇلدەك سايراپ، كۆكسۈڭ گۈلشىنىدە كاككۇكتەك قان قۇسارمەن ...

سەنسىز رىئال جەننەتمۇ ئەپسانىلىك چۆچەككە ئايلىنىدۇ.

سەن بىلەن خىيالىي جەھەننەم رىئال گۈلشەنگە ئايلىنىدۇ.

سەنسىز مەن ھېچكىمنىڭ ئېنىقلىمىسىنى يېشەلمەيمەن. سەن مېنىڭ قەلبىمدىكى ماھىيەت، مەن ئۇنىڭ بەندى، ئۇنىڭ ئىپادىسى.

تەقدىر بورانلىرىدا غازاڭدەك دومىلاپ يۈرگىنىمدە، ئۈستۈمگە ئوقتەك يامغۇر تۆكۈلىدۇ، يۈزۈمنى پەرىشانلىق تۇتۇقى قاپلىغاندا، ئالەم قارا نىقابىنى تارتىپ قاراڭغۇلىشىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ قىسمىتىڭ. سېنىڭ ھالىڭ.

ئاي بۇلۇت كەينىگە ئۆتۈپ، پەنجىرەم تۈۋىدىن قىيا كۆرۈنۈپ، سېنىڭ ئۈنسىز يىغاڭ توغرىلىق ئىزگو ئىلاھىدەك بىتاقەتلىك بىلەن ئۆكسۈپ مونولوك قىلىدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم يوپۇرماقتەك تىترەيدۇ. ھېسداشلىق مېنىڭ سىنەمنىڭ بىرىنچى خاھىشى ...

مەن يىغلىمايمەن. پۈتۈن زېمىن مەن ئۈچۈن يىغلايدۇ. تەبىئەت چەكسىز چوڭ ئىسكىرىپكىسى بىلەن مۇڭلۇق، ئىزگۈلۈك، ھەسرەتلىك كۈيلەيدۇ. مەن خىيال سۈرىمەن. مېنىڭ پىكىرلىرىم ئۇنىڭ تېكىستى.

ئۈمىد — دېڭىز سۈيىدە جىلۋىلەنگەن شەپەق شولىسى.
ئۈمىد — بۇزغۇنلار ئارىسىدىن قەد كۆتۈرۈپ چىققان ئارزۇ پەرىشتىسى،
ئۈمىد — يالقۇن باغرىدىن پەيدا بولغان شەپقەت ئىلاھى،
ئۈمىد — قەلبىمدىكى بوشلۇقلارنى، ھاياتىمدىكى مۇھتاجلىقلارنى تولدۇرۇپ تۇرغان خىيالىي سۈرەت.
ئۈمىد — ئۆلۈم دەرياسىدىكى ئىجادىيەت كۆۋرۈكى، مۇسانىڭ كارامىتى.
ئۈمىدنىڭ ھەجمى يوقلۇق بىلەن ئارزۇنىڭ قوشۇلمىسىغا تەڭ.
پەقەت ئۈمىدسىزلىكلا ھاياتنىڭ سۈرەتسىز، شولىسىز، زىننەتسىز ئەسلى گەۋدىسى،
مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىمەن.

---

كېچىدە قاقاقلاپ ئاڭلانغان كەيپ - ساپا، بەزمە ساداسى، سەھەردە گۈپۈرلەپ ئاڭلانغان ئات تۇيىقى ئاۋازى، يىراقتىن شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قىيا - چىيا، يېقىندىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھەسرەت، خىيالىمدىكى ۋەھىمە، چۈشۈمدىكى دەھشەت...
دىۋە ۋە ھۆر پەرى ھېكايىسى...

مەيلى، تەقدىرىيەت! ھەممىنى بىر - بىرلەپ جۇدا قىل.
مەيلى، قىسمەت! بارلىقنى بىر - بىرلەپ يېگىن.
چۈنكى، بۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى خارلانغانلارنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىنىڭ ھارپىسى!
بېشىمغا ئاق قىرو چۈشكەندە، قېرىغانسەن دېمە.
يوپۇرماقلىرىم سارغايغاندا غازان بولغانسەن دېمە.

ھايات — نەسىل! ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى پەرزەنتى ئېلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ھاياتىم ياخشىلىقلار ئەلچىسى رامانىڭ ئەلەمگە كۆپ تۇغۇلغىنىدەك كۆپ قىسمەتلىك، كۆپ تۈسلۈك، بېشىمغا قىرو چۈشكەندە، مەن پەرزەنتىمنىڭ ئىسمىنى «باھار» دەپ ئاتىدىم. ئۇمۇ ئەسىرلەپ شۇنداق ئات قويىدۇ. ئىنسانىيەت قېرىمايدۇ. قېرىدىغىنى ئۇنىڭ بوغۇن

دەپ ئاتالغان پەسىللىك يىپىنچىسى ۋە ئەلەملىرى.

ياماندىلار دىۋىسى قاقاقلىما، ئالدىڭغا قارا، كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقىنى ئالەمنىڭ نۇرانە مەلىكىسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ زەپەر مەرىكىسى.

گۈزەلىم، مەيۈسلەنمە، سېنىڭ روھىيىتىڭ ئالەمنىڭ شولىسى.

چىرايلىقىم، تارتىنما، سېنىڭ مۇھتاجلىقىڭ جاھاننىڭ سىياسى.

پەرىشتەم، كۆز يېشى قىلما، سېنىڭ زارلىرىڭ دۇنيانىڭ ئەكىس ساداسى.

سەن تەڭرى ئەمەس، سەن تەقدىر ۋە قىسمەتنى، قايغۇ ۋە ھەسرەتنى ياراتىمىغان، بەلكى ئۇنىڭ دەردىنى تارتقان. سېنىڭ ئىقتىدارىڭ ئەينەكنىڭ ئىقتىدارى.

مەيۈسلۈك، خىجىللىق ۋە مۇڭلىرىڭ سېنىڭ مۆجىزەڭ ئەمەس، ئۇ جاھاننىڭ ھۈنىرى.

سەن مەيۈسلۈك ئىچىدە گۈزەل، مۇھتاجلىق ئىچىدە چىرايلىق قايغۇ ئىچىدە يۈكسەكسەن. بۇسېنىڭ مۆجىزەڭ.

مەن سېنى ئالەمچە قەدىرلەيمەن...

شەبنەملىرىم تۆكۈلۈپ پۈتكەن بىر غازاڭمەن.

كۆز ياشلىرىم ئېقىپ قۇرۇغان بىر مارجانمەن.

سېنىڭ شېئىرلىرىڭ ئەتىر گۈلدەك لەرزان ۋە لىرىك.

سېنىڭ شېئىرلىرىڭ گۈلخاندەك رىئالىستىك يالقۇن.

ئۇنىڭ دېكراتىيىسى رومانتىك، قەھرىمانلىرى چىن؛

سەھنە شەرھلىگۈچىسى سەۋدا، تاماشىچىلىرى رەكى...

سۆيگۈ دېڭىزى قىسمەت بۇرنىدا قوزغار ئۇيۇقۇنى،

ساداقەت كېمىسى بۆسۈپ ئۆتەر دولقۇننى.

رومانتىك ھېكايەتلەر جەزب قىلسىمۇ قەلبىڭنى،

تۇرمۇش ـ ھايات چىنلىقى ئۈستۈرىدۇ زېھنىڭنى.

ئىشىق شېئىرىيىتى — شامال ئىلاھى ئېتى،

مۇھەببەت ھېكايىتى — ئوت مەبۇدى سۈرىتى،

سۆيگۈنىڭ كۈنچىلىكى ئوت ئۈستىدە كۆيگەن ئوت.

ھادىسى دېڭىز مايىكى — مەشۇقلار ساداقىتى.

مەن تېخى سەبى، تېخى تەنتەك، تېخى رومانتىك...

مەن تېخى سەن بىلەن لالە يوپۇرمىقىنى ئىلەنگۈچ قىلىپ، بىر تاۋاقتىكى ئىككى زۇمرەت شەبنەمدەك ئىغاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز، شاماللار گۈل بەرگلىرى ئارىسىدا ئۇيۇر ـ توپۇر قىلغاندا بەزىلەر قوشۇلۇپ، بەزىدە ئاجرىلىپ كېتىۋاتىمىز.

مەن ئەندىشە قىلىمەن: لالە غازاڭ بولۇپ كەتمەسمۇ.

سەن ئەندىشە قىلىسەن: شەبنەم قۇرۇپ كەتمەسمۇ.

بۇ زېھنىنىڭمۇ، ئىنسانىيەتنىڭمۇ ۋەھىمىسى.

بىز ھەر بىر خۇشاللىقىمىزنى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز. چۈشلىرىمىزدە بۇنى چۈشەيمىز. بىز ئوكياندىكى ئارال، دېڭىزدىكى يەلكەن، يوپۇرماقتىكى شەبنەم.

ئېخ، خۇشاللىق! سەن بارلىقنىڭ مەمنۇنىيىتى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى، گۈزەللىكنىڭ زوقى، ئۈمىدنىڭ تەلپۈنىشى...

ئاھ، ئەندىشە! سەن قۇدرەتلىك يۈكسەك قورقۇنچ ئىلكىدىكى ئەركىنلىكنىڭ ئەيىمىنىشى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى جاھاننى قامال قىلغان، ئۇنىڭ پەرمانلىرى شادلىق جامىنىڭ تېگىگە يېزىلغان، ئۇنىڭ جاللاتلىرى ھېچقانداق ئېغىرلىقى بولمىغان ۋاقىت قويۇشلىرىدا تىغ ياساپ تەكلەپ تۇرغان.

مەن خىيال سۈرۈپ قالدىم: ئەندىشىنى ھالاك قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى تۇتقۇن قىلغىلى بولماسمۇ، يەنە نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆزەڭمۇ خىيال سۈرگىن...

پىكىر دېڭىزى تېرەن، ئۇنىڭدا رەڭگا ـ رەڭ مارجانلار چاقنايدۇ. ئۇنىڭسىز ئالەم ئۆزىنىڭ جاھالىتى ۋە دەھشىتىدىن يانمايدۇ.

پىيالىگە چۈشكەن ئىككى تامچە يېشىم قىزىل مارجاندەك چاقناپ كەتتى. ئۇڭا بېقىپ سەۋدايى خىيالغا غەرق بولدۇم. ئەنە سوقىرات ھېكىم. ئۇ: زېمىن ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئانىمىز، دېدى. مەن مەمنۇنلىنىپ: پايانسىز ئاذا كۆكسىدە يەنە ساڭا نېمە يېتىشمەي يىغلايسەن، دېدىم. كۆز ئالدىمدىكى پىيالە چەكسىز دېڭىزدەك چايقىلىپ، ئۇنچە ـ مارجانلار پەرىلەردەك ئۇسسۇلغا چۈشتى. مەن روھلاندىم.

سوقىرات ھېكىم بىردىنلا: ئىنسانغا كەلسەك، ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ئىبارەت تۆت تەبىقىلىق سۈپەتتىن تۈزۈلگەن، ئورتاق ئانىمىزنىڭ باللىرى ئورتاق ئەمەس، دېدى. مەن دەرغەزەپلىنىپ ۋارقىراپ تۇۋەتتىم: ئاھ، پىرومىتوس، بۇ رەشانكىلارنى كۆيدۈر. گراكلىتنىڭ ئوتلۇق قانۇنى ئالەمگە زالپا چاچقاندا، ئۇلۇغ ئانىمىز پەرزەنتلىرى يەكلىمەيدۇ. بىردىن خىيالغا چۆكتۈم: پىرومىتوس تېخى زەنجىردىن خالاس بولمىدىمۇ. ئالەم مېنى سېنىڭ بىلەن بىللە يەنە گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلغۇسى.

---

تى. بالا ئوڭدىسىغا ئۇچرۇپ چۈشۈپ، بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى... بۇ چاغدا بۇ بىر كاچات بالىغا ئەمەس، مېنىڭ يۈزۈمگە كېلىپ تەككەندەك بىلىندى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇم ـ دە، يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ، بالىنىڭ بۇرنىنى ئېرىتىپ تۇرۇپ:

ــ قانداق دېگەن نامەرت ئادەمسىز، مۇشۇنەك بالىنىمۇ مۇشۇنداق قاتتىق ئۇرغان بارمۇ. گېپىڭىز بولسا چىرايلىقچە دېسىڭىز بولمىدىمۇ؟! ــ دېدىم مەن بالىنىڭ دادىسىغا زەردە بىلەن.

بىراق، ئەڭ غەلىتە يېرى شۇ بولدىكى، بالىنىڭ سۆزۈمگە ئۇلاپلا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان مۇنۇ بىر جۈملە سۆزى مېنى، توغرىراقى بۇ يەردە تۇرغان جىمى كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇۋەتتى:

ــ دادا، ئۆزەڭ ماڭا مۇشۇنداق پۇل تېپىشنى ئۆگەتكەنغۇ؟!...

ھېكايە

# ئۆزەڭ شۇنداق ئۆگەتكەن

تۇرسۇن تىلىۋالدى



ئارقامدىن بىر كىچىك بالىنىڭ بىچارىلەرچە:

— ئاكا، جېنىم ئاكا! ماڭا ئون پۇڭ بېرىڭا، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى...— دېگەن زەئىپ ئاۋازى قەدەملىرىمنى ئىختىيارسىز توختىتىپ قويدى. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىغىنىمدا، كۆرگىنىم قاپقارا قاسماق قوللىرىنى ماڭا سوزۇپ، كۆزلىرىمگە مۇساپىرنىڭ كۆچىگىدەك تىكىلگىنىچە زور ئىشەنچ بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى بىر سەبىي بالا بولدى. مەن ئۇنىڭ بىر جۈپ قۇمچاقتەك قارا كۆزلىرىدىن ئەقىللىق ۋە زېرەكلىك ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بالا يىغلامسىراپ، يېلىنىش ئاھاڭىدا ماڭا يەنە ئىلتىجا قىلدى:

— ئاكا، سەدىقىڭىز بولسۇن، ماڭا ئون پۇڭ بېرىڭ!

مېنىڭ بۇ بالىغا ئون پۇڭنى تۇتقۇزۇپلا يولغا سېلىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. مەن بالىنى باشقىچىرەك رازى قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

— ئۇكام، ئېتىڭ كىم؟ — سورىدىم مەن بالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— جۇرئەت، — دېدى بالا بوينىنى قىسايتىپ.

— جۇرئەت، — دېدىم مەن تەكرارلاپ، —

كىچىككىنىدىلا ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ يېتىملىك دەردىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىمدىن بولسا كېرەك يېتىم-يېسىرلارنى ئۇچرىتىپ قالغان چاغلىرىمدا يوقسۇزلۇق ۋە غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىم ئىختىيارسىز ئېسىمگە چۈشۈپ يۈرىكىم سىقىلاتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئۇلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە خەيرىخاھلىق قىلىپ قوياتتىم. ئەمما، بۈگۈن قىلغان ئازغىنە خەيرىخاھلىقىم ماڭا شادلىق بەخش ئەتمەستىن، غەزەپ - نەپرەت ئېلىپ كەلدى. ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىدى.

خىزمەتتىن كەچرەك چۈشۈپ، ئۆيگە ئالدىراش قايتتىم. ئىدارىمىزدىن ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىش ئۈچۈن يول ياقىسىدىكى ئامىۋى كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن كىنو كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، بېكەتكە قاراپ ئالدىراش كېتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىز،

ئەجەپ ياخشى ئىسىمكەن. ئۇكام، ئاتا - ئاناڭ يوقمۇ؟

— يوق...

— قاچان، نېمە بولۇپ ئۆلگەن كەتكەن؟

— ...

— ئۇنداقتا ئۆيۈڭ نەدە؟

— سىزگە ئېيتمايمەن!

مەن بالىنىڭ سۆزىگە سەل ھەيران بولدۇم - يۇ، شۇنداقتىمۇ مەن بالىغا بىر يۈەن پۇل بەرمەكچى بولدۇم. مەن بالىغا پۇلنى سۇنۇۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ قورسىقىم ئاچ دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە چۈشتى- دە، بالىغا:

— جۆر، ئۇكام! ئاكاڭنىڭمۇ ئىشتىن چۈشكىچە قورسىقى ئاچتى، بىز بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ بىللە تاماق يەۋالايلى، بولامدۇ؟— دېدىم. بىراق، ھېچبىر كۈتمىگەندە:

— ياق، مەن تاماق يېمەيمەن. قورسىقىم توق، مېنى قويۇۋېتىڭ،- دېدى ئۇ.

مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— جۆرئەت، سەن تېخى ھېلىلا قورسىقىم ئاچ دېگەنتىڭغۇ؟ تارتىنما ئۇكام. كەچ قالىمەن دەپ قورقۇۋاتامسەن- يا؟ بولدى قورقما، تاماق يەپ بولۇپ سېنى ئۆيىڭگىچە ئاپىرىپ قويىمەن، بولامدۇ؟ — دېدىم مەن بالىنىڭ قولىدىن تارتىپ.

— ياق، بارمايمەن، زادى بارمايمەن. مېنى قويۇۋېتىڭ!

بالا نېمىشقىدۇر خۇددى تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كەينىگە داجىغان شاش تايچاقتەك ئارقىغا تارتىنىپ تىپىرلايتتى. مېنىڭ ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئېشىشقا باشلىدى. بۇ نېمە ئىش؟ بالا باشتا مەندىن سەدىقە سورىدى. مەن ئاتىغىنىمنى ئۇنىڭغا بەردىم. قورسىقىم ئاچ دېۋىدي، ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇم. بىراق، ئەمدى ئۇ ئەجەپ...

— قورقما جۆرئەت، مەن ئەسكى ئادەم ئەمەس. مەن شۇ سۆزنى قىلىپ تۇرۇشۇمغا، بالا «دادا» دېگىنىچە پاكىز يىغلىۋەتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ بولغۇچە كۆچىلۇك ۋە يوغان بىر قول گېلىمنى ئامبۇردەك مەھكەم سىقىۋالدى. شۇنىڭدىلا مەن ئالدىمدا سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— ھۇ، نومۇسسىز ئەبلەخ، مېنىڭ ئوغلۇمنى ئالداپ نەگە ئېلىپ قاچماقچىدىڭ؟

ھەش - پەش دېگۈچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچىلىك ئەتراپىمىزغا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ ئولاشتى. ھېلىقى كىشى بولسا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، مېنى ساقچىغا ئاپىرىمەن دەپ جار سالغىلى تۇردى. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆزۈم بالىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ خۇددى ئۆمرىدە پۇل دىدارى كۆرۈپ باقمىغان ئادەمدەك، بىر يۈەن پۇلنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

— جۆرئەت، سەن ئۆزەڭ بىر نېمە دېمەمسەن!— دېدىم مەن. ئۇ، شۇندىلا چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئېسىنى يىغىپ:

— دادا، قارىغىنە مانا بۇ پۇلنى ماۋۇ ئاكاش...— دەپ سۆزلەپ ھېلىقى كىشىنىڭ پېشىگە يېپىشتى. ھېلىقى ئادەم بولساغەزەپ بىلەن:

— ماڭە ئۆلۈمتۈك ھارىمى، ساڭاكىم باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئال دەپ ئۆگەتتى،—دېدى- دە، بايا گېلىمدىن سىققان يوغان قولى بىلەن بالىنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سېلىۋەت-

( ئاخىري 68 - بەتتە)

# شېئىرلار

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى

## ئارمان

قالدى ئارمان بىرلا كۆڭلۈم قايغۇن ئىزھارىدۇر،
ئىسمىنى سىزسام جاھالەت ئەھلىنىڭ دىدارىدۇر،
ئۇ قاقاسلىقتىكى دىلنىڭ سۇ سېپەر تىك يارىدۇر،
ئەي گۈلۈم كەلگىل يېقىن لۇتپىڭ ماڭا پەركارىدۇر،
شائىرىڭ بىسيار خەتەردۇر ھەم ئۆزى بىمارىدۇر.

ھالىتى مەجنۇنلۇقۇم رەڭگىمدە مەلۇمدۇر سامان،
يەر ماڭا قاتتىق ئىكەن باقسام يىراقتۇر ئاسمان،
تارمىدۇ، زۇلمەتمىدۇ، شۇملۇقمىدۇر بۇ جاھان،
ئىشقى كويىدا مېنىڭ ھالى كۈنۈم بولدى يامان،
مۇنچىلىك ئاۋارە قىلغان ئاي يۈزۈڭ رۇخسارىدۇر.

مېنى مەجنۇن دەپ چىقاردى ئورتىدىن ئۆز ئايىمقىم،
بۇ كۆيۈكىنىڭ دەردىدىن بارغانچە شول قارايىمقىم،
گويا بىر سىرات قىلىنىڭ ئۈستىدە بار تايىمقىم،
مۇمكىن ئولغايمۇ سېنىڭ ئىشقىڭدىن ھېچ يالتايىمقىم،
بۇ خىيالدا مىڭ كەررە ئۆلمەكتىن يامانراق كارىدۇر.

ئەۋۋالا ئىقبا قىلىپ گويا مېنى يار ئەيلىدىڭ،
بۇ ئويۇن بىرلا كېلىپ شوقىمنى تار ئەيلىدىڭ،
مەن مۇھەببەت دەپتىمەن ئىشقىمنى خار ئەيلىدىڭ،
بىر بېقىپ ئىككى قاراپ ئوتقا گىرىبتار ئەيلىدىڭ،
ئەمدى باقمايمەن قاراپ باقسام دىلىڭ ئەغيارىدۇر.

## بۇ كېچە

بولمىسا يارىم، قەدەھ كەل شۇ پىيالە بۇ كېچە،
قالمىسۇن ھەسرەت ـ نادامەت يەتتى نالە بۇ كېچە،

ئۇشبۇ مەكتەبى تاماشا قىل شەلالە بۇ كېچە،
نۇرىنى مات ئەيلىگەن كور كۆزنى شەھلا بۇ كېچە،
ئىشقىمىز ئىرپانىمىز ساغلام تاماشا بۇ كېچە.

سىزگە بەردۇق ئىشقىمىز ھەر نەزەردە بىمالال،
بۇ كېچە دەرتلەرگە دەرمان بولغۇسى سۆيگۈ ھالال،
ئىلتىپات يوق چېنىنى بولمىغانلەرگە قالدى سوڭ سوئال،
سۆيگۈ مەيدانىغا نىسبەت بولمىغاي ھېچ قاچ ماھال،
ھەر ئۆمۈردە بىزگە پۇرسەت بەردى مەۋلا بۇ كېچە.

سۆيگۈ ئەھلى سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەك بىزلا بار،
بىلمىگەنلەر قالدى چۆلدە، قالدى دەرتمەن ئاھۇ زار،
كۆرگىنىڭگە بىلگىنىڭدىن قىلمىساڭ كۆپ ئىپتىخار،
يار ئەمەسسەن يار دېمەك قىلماققا يار بولماققا بار،
ئېيىقلى تارىخنى قىلدىم ئارارەت بۇ كېچە.
سىزنى خوپ يار ئەيلىگەن يارىم دېگەن ئاۋازىمىز،
باغ ئارا، گۈلشەن ئارا بىر گۈل قىلۇر پەرۋازىمىز،
سايرىغان بۇلبۇل كەبى ھەرمۇقامغا سازىمىز،
كۆڭلىمىز تەختىدە جايلىق ھۆرلىقا شاھزادىمىز،
بەلكى ئىقبال ھەر مۇھەببەت ھەممە ئەلا بۇ كېچە.
كەل مېنىڭ دۆلەت قۇشۇم قون تەختى سۇلتانىمىمگەر،
داغ ئەلەمدە قالمىسۇن كۆڭلۈمدە شەيتانىم نىگەر،
ئىككى ئالەم قوش بولدى، مۆمىن مۇسەن ھالىم نىگەر،
يوقكى ھېچ جان قىممىتى سەن بۇ ۋۇجۇت جانىم نىگەر،
بىر پەرىشتە ۋەسپىدە كۆڭلۈمنى ئوينار بۇ كېچە،

نە ئەلەمگە سۆيگۈنى بىلگەنگە شول بىچارىلىك،
كۆللى دەستانى مۇھەببەت تەسۋىرى ئەۋارىلىك،
ئىشقى سەۋدا شەمئىدە كۆيمەككە بارچە پەرۋانىلىك،
تارىخي زۇلمەت ئىكەن بىلمەسكە بىر شەھرانىلىك،
رەھمى قىل يانىمغە كەل كۆڭلۈمنى ئول بۇ كېچە.

سەن گۆزەلسەن سەنىكى ئەپشا ئەككەلى ھۆسنى نىيەت،
سەن قاراش يار ئۇقىدۇر سۆيگۈگە كەلگەن زۆرۈرىيەت،
خاكى سارىڭ سەن زۇلۇمدۇر سەن ئۇچۇن مېھرۇ نىيەت،
شۇ كۆڭۈلنى ئۇلدىماققا بولمىسا بىر جىددىيەت،
ئەزىبىرايى گۈلىستان دەشتى كەربالا بۇ كېچە.

سەن ھالال بىرلە ھارامىنىڭ پەرقىنى بىلمەي تۇرۇپ،
قىلمىغىل بىر سۆيگۈنى ئۆزۈڭچە ئەنداز كەلتۈرۈپ،
قانچىلەر كەتتى بەقاغا ئىشقى سەۋدا كەلتۈرۈپ،
ئاشىقى بىچارىلىكنىڭ ھۆكمىنى بىلمەي تۇرۇپ،
سۆيگۈنى كۆڭۈلگە پۈتمەك غەيە ھاۋا بۇ كېچە.

شىبۇ پۇرسەتنى قاچۇرساڭ سەن جوۋاينىمەك دېمەك،
سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەس بىداۋىمىز گال دېمەك،
بىر كۆتەكتەك ئوت ئىچىدە ھۇشى يوق ئىلگەك دېمەك،
تاشلىغان ئوجاقنى مەلئۇن دەۋزىخى كۆيمەك دېمەك،
بولمىسا ئەقلىڭ بولۇپ كەلگىل كىلەيلى بۇ كېچە.

بىرلا كۆرمەك بىرلا باغنىڭ مىللىرىدىن ساز چىقار،
ئوت ئۇچىنچى سۆيگۈ مۇقامى دېگەن ئاۋاز چىقار،
جىلۋىلىك خۇشلۇقنى سىر ئەيت مۇندا كۆپ دىلباز چىقار،
بولمىسا ھېچبىر نامايىش ئېيىقلى بىر ناز چىقار،
كۈن ۋە ئاي بولغاي خىجالەت كۆزى شەھلا بۇ كېچە.

بىز بۇ ئاخشاملارنى ئاخشاملارغا قوشماق بىرلا خوش،
تەشرىپى پاتلىك جەزمى ئارا بولغاي چىراق بىھوش،
ئۇشبۇ سائەتلەر غەنىمەت كەل قوشۇل ئابات خەئوش،
مۇندا بار مەردانىلىك يوق مەررە يالىغاندە پوش،
مەن ئايان قىلدىم ساڭا قىل زوقى زولا بۇ كېچە.

ئۇيغۇر يار لۇتپىنى كۆرمەكنى كۆرمە ئىماندىن يىراق،
كۆڭۈل باغى نىگەر قىلچە بولمىسا قۇرباندىن يىراق،
نىگەر بولسۇن سائادەت قەدرى ھىكمەت جاندىن يىراق،
جان بېرىڭدۇر قىلما يار دەپ بىزنى جانانىدىن يىراق،
جۈملە ئاساسلىق يوقالغان مەجلى ۋاللا بۇ كېچە.

# بالدۇر كەلگەن ئىلھاملار

ئابلىكىم خېۋىر

## باش باھار شامىلى

شورىدتە ئۆتۈپ قالدىڭ ئالدىمىزدىن،
«ئۆلمىگۈر قىش شامىلى» دېدى يارىم.
بۇ قارغاش ھېسلىرىمغا تەگدى دەھشەت،
خەنجەردە تىلىنغاندەك بولدى باغرىم.

بىز ئۇچۇن سۇرۇپ كەتسەڭ سوغ ھاۋانى،
قاغالساڭ ئۇۋالچىلىق تۇتار سېنى.
تۇغۇلغان كۆپ ئىشلاردا ئۇۋالچىلىق،
مىزان قىپ ئۆتكەچ كىشى سەزگۈسىنى.

ياقامنى يىرتىپ ساڭا ياقتىم كۆكرەك،
سوغاقتىن تېنىم قانچە شۈركەنسىمۇ.
يۈرىگىم تۇيار ئىسسىق تېنىقىڭنى،
ئەترابىم بىر ھەسەتكە يۈركەنسىمۇ.

ئاز ئۆتمەي يېشىل ھايات باشلىنىدۇ،
ئاز ئۆتمەي تاغ - دالىغا يېيىلار ياز.
ئامرىغىم، ئىشتىن يانساق، ئاشۇ شامال،
سالىدۇ يولىمىزغا گۈل پايانداز.

## ئۇزۇلۇق يول

ئىشىمغا ئالدىراپ بۇ يولدىن ئۆتسەم،
يا شاۋقۇن بېسىلغان كەچلەردە يۈرسەم.
قەلبىمدە قوزغۇلار چىرايلىق سەزگۈ؛
ھەي، ھەممە كوچىنى ئەشۇنداق تۈزسەم.

ياشلىقتەك گۈزەلسەن، ئۇمىددەك نەپىس،
بۇ سەندىن قەلبىمگە ئورنىغان ئوبراز.
«ھەممە ئاستا - ئاستا بولىدۇ.» دەيدۇ،
ئاستىلاپ تىلەكلەر خەمەكلەيدۇ، راس.

## كۆز تەگمىسۇن

تويغىچە كۆرۈپ ئال بۇ يەرنى كۆزۈم،
مەيلى شۇ كۆرگەنچە قادال، قېتىپ قال.
ياق، دېدى، يۈرۈكۈم، شۇ بولسۇن تۈزۈم؛
ئاڭا كۆز تەگمىسۇن، كۆر - دە كېتىپ قال.

×

رىۋايەت، ماقتاشلار، پەخىرلىك ئاتاق،
قىياسلار قوزغاتقان ئاسمانىي ھەۋەس.
يۇلتۇزلار يېنىغا تاشلىغان تالاي،
قوقاس ئۇچقۇنى قىپ مېنى ھەر نەپەس.
غۇلجا ناخشىسىدەك گۈزەل ئارزۇلار،
قەلبىم توپرىقىغا ئۇرۇق كۆمگەن چاغ؛

پىكىر دەپتىرىمدە تالاي ماۋزۇلار،
يېشىلمەس سۇئال بوپ چۈشكە كۆچكەن چاغ؛
ئامىتى تۈگىمەس دۇنيا يېيىلار،
قوينىغا بۇۋاقتەك تەلپۈنەر ئىدىم.
ئۇنىڭ تەگدىشىگە نىمە تېپىلار؟
يولىدا قىياقتەك يەلپۈنەر ئىدىم.

×

غۇلجا ناخشىلىرى تۇغۇلغان ۋادا،
كۆزۈمدىن قان كەتتى سېنى كۆرگەندە.

ئۆلكەم قىممىتىنى قايتا ئويلۇدۇم،
باغرىڭدا ئەقلىمدىن ئېزىپ يۈرگەندە.

بۇ كەمگە كۆرگىنىم قاغجىراق ئالەم،
ئۇندا بىر، بۇندا بىر بوستان مەھەللەر.
قۇملار يىرتىپ كەتكەن، شۇڭا مەن دەيمەن،
يېشىل مەھەللەر -يۇ، يىرتىق پەردىلەر.

ئەندى كۆرمەكتىمەن ئۇچ - چېكى يوق،
ياپ - يېشىل ئالەمنى بۇ يەرگە كېلىپ.
دەريالار، ئۆستەڭلەر ئاڭا مېردىيان،
ئېرىقلار ئۆتۈشەر پاراللېل سىلىپ.

توپلانما توك يولى مىڭ - مىڭ چۇڭنەكلەر،
نە ئەجەپ، بۇ زىمىن سۇلا كېكەرسە؟!
ئەجەبا، دېڭىز بوپ كەتمەيدىكەنا،
تەبىئەت شۇنچىلىك مول سۇنى بەرسە؟!

سۇ، ئاھ، سۇ قەدرىڭنى بىر مەن بىلىمەن،
سەن ئۈچۈن بار بىزدە جەڭگە - جېدەللەر.
سەن ئۈچۈن ئاتىغا يول بېرىشمەيدۇ،
كەتمەن ۋە ئارىنى كۆتەرگەن سەپلەر.

ئەشۇنداق سەپلەرنىڭ بىرىدە بوۋام،
قېنىدا بويىغان بىر ئېرىق سۇنى.
سۇ كۆرسەم ئەندىكىپ، شۈركىنەر بويۇم،
شۇنداق جېدەللەردىن تاپقانمەن ئۇنى.

مىليون يىل ياشىغان قېدىم ئورمانلار،
جاپاكەش توغراقلار قۇمغا پاتماقتا.
قازان گەردىشىدەك قالدى مەھەللەر،
يوگەنسىز قۇملۇقلار ھەيۋە چاچماقتا.

ئىنسان ياشاش ئۈچۈن ئىنتىلەر جاندىن،
بىز يەرنىڭ تەكتىدىن ئىزدەيمىز ھايات.
سۇ ئېلىپ كۆكلەيمىز تىرەن قاتلامدىن،
يېشىللىق ھاياتتەك ئېزىزدۇر، ھەيھات.

ھەرغولدا دولقۇنلاپ ئاقسا ئون دەريا،
ئون ئەمەس، يۈز دەريا، ھەتتا مىڭ دەريا.
كۆزۈمدىن نېمىشكە تۈكۈلمىسۇن قان،
بۇ ھەسەت ئەمەسكى، ھەيرانلىق گويا.

×

تەلكە تاغلىرىنى غۇلاچلاپ چىقتىم،
قوللۇرۇم پۈت بولدى ساڭا كەلگىچە.
پۇتلىرىم ئاستىدا قالمىسۇن چېچەك،
يېشىل مۇھەببەتكە چوكەي بەلگىچە.

يېشىللىق، يېشىللىق، تۇتاش يېشىللىق،
ئاق ياماق ئەمەسكەن ئالقانچە كەڭلىك.
باغلارنىڭ تېمى يوق، ئېتىزنىڭ قىرى،
ئۆگزىلەر ئۈستىمۇ ھەتتا چىمەنلىك،

×

ئەسىرلىك مۈڭلارنى تۆكمىدۇ دۇتتار،
پۈتكۈل سورۇن گويا ئۆرۈلگەن ئۆپكە.
باراڭ تەۋرىنىدۇ شەبنەملەر تاشلاپ،
نە شەبنەم، ياش تۆكەر قوشۇلۇپ كۆپكە.

ناخشا تۆكۈلىدۇ يۈرەك قېتىدىن،
يۈرەككە تېگىدۇ، سۇ، سۇ ئېتىدۇ.
ھەربىر تېنىقلاردا تۈنۈر يانىدۇ،
يامغۇردا سورۇنغا ئوتلار كېتىدۇ.

شۇنداق ناخشىلارنى، شۇنداق مۈڭلارنى،
يارىتقان بىزلەرنىڭ ئاتا ۋە ئانا.
قوراي توشۇپ ئۆتكەن ھارۋىكەش، بەلكىم،
يا يىگىت، ئىتلارغا تارتقۇزغان چانا؟!

يا سولدات دۈشمەننى سۈر - توقاي قىلىپ،
شۇ سۆپەت ناخشىنى ئىجات ئەتكەندۇ؟!
يا قىزچاق دەسسىلىپ ياۋ ئاياغىدا،
بىر ناخشا ئىجات قىپ پەريات چەككەندۇ؟!

دەرت تەگمە، ئەشۇنداق ئېسىل ناخشىنى،
بىزلەرگە يەتكۈزگەن بۇلبۇلغا زادى.
مەن ئۆلسەم يىغلىماي، ئەشۇ ناخشىدىن،
بىر كالون ئېيتىڭلار، بوپ كېتەي رازى.

×

قايماق چاي دېيىشەر مېنىڭ يۇرتۇمدا،
ئەتكەن چاي دەپ ماڭا تۇتقىنىڭنى قىز.
ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىدە پىشقاچ،
تاكى يورەككىچە كۆيىدۇ ئېغىز.

×

باغچا قۇچىقىدا ئېغىر سۈكۈنات،
گۈل ـ گىيا، ياپراقلار شۇنچىلىك تىنچ.
ھۆرمەت، تەزىيەدىن ئىگىلدى بېشىم،
ياق، دەيمەن كۆزۈمدە يەنە نەملىنىش.
قانداق چاتاق كۈنكىن، قانداق يامان كۈن؟
بولۇتلۇق كۈنمىكىن، يا چاقماقلىق كۈن؟
ساماليوت، ساماليوت ساق ئۇچساڭ نېتەي؟
شۇ كۈنى باغرىڭدا كۆرسەتمەي تۈتۈن.
ئازادلىق سېپىنىڭ ئەي داھىلىرى،
ئازات كۈنلەر بىلەن بىزلەر بەختىيار.
ھەر كۈنى كېلەمدۇ بۇيان غۇلجىلىق،
دەرس ئېلىپ كېتىشنى قىلىپ ئىختىيار؟

×

«ئەزەلدىن توقچىلىق يۇرت» دەپ ئاڭلايتتىم،
قول قويدۇم، قول قويدۇم باياشاتلىققا.
ئاددى ناشتىدا داستىخان تولۇق،
مىڭ ياڭزا يېمەكلىك، مىۋە، تاتلىققا.

پىشايۋان قىلماستىن ئۆي سالمايدىكەن،
گۈلزارلىق سەيناسى شۇنچە ياراشقان،
جەڭنامە ئاڭلىدىم شۇ سەينالاردا،
مەئىشەت سوردۇم ھەم قۇرۇپ باداشقان.
ئېرەنلىك ئىچىدە ئۆتتى بىر كۈنۈم،
ئۆتتىكى شاھانە ئىشرەت ئىچىدە.
ئۇن قانچە «يۈزى»نى مەشرەپكە چىللاپ،
ئىچىمگە ئوت سالدى كىملەر كېچىدە؟
ئاۋرال تاغلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم،
ئەجداتلار ئىزىنى يوراپ باغرىدىن.
چىلانرەڭ تۇپراقتا ئېغىناپ كەتتىم،
بېھىش سايىسىنى كۆرۈپ باغىدىن.
بۇ يەردە ئاي شۇنچە يارقىن كۆرۈنەر،
بۇ يەردە قۇياشمۇ شۇنچىلىك پارلاق.
بۇ يەردە يۇلتۇزلار بېسىلماي كۈلەر،
ھەربىر گۈل گىيادا ئۆزگىچە پۇراق.

×

تەگمىسۇن كۆز سېنىڭ گۈلشەنلىرىڭگە،
تەگمىسۇن باغلىرىڭ، تاغلىرىڭغا ھەم.
يامان كۆز قۇيۇلسۇن ھۆسنۈڭدىن ئاداپ،
ياخشى كۆز چاقنىسۇن باغرىڭدا ھەردەم.
ساڭا كۆز تەگمىسۇن بەخت ۋادىسى،
بەختلەر ئاتىسى، شاتلىق ئانىسى.
سەن بەرگەن ئىلھاملار ئۆمرۈمگە يېتەر،
ئەندى گەپ: ئىزدەيمەن سۆزدۇردانىسى.

## چاتقاللىقنى تاللىغاندىكىن...


(ياش ئالىملارغا بېغىشلايمەن)

ھەي ...
ئەركەكلەرگە خاس

جاسارەت بىلەن
چاتقاللىقنى تاللىغاندىكىن،

تا باشقىچە مېڭىپ كۆرمەمسەن،
مەنزىلىنىڭ تېگىگە كىرىپ قالغاندىكىن.
تېگىرقىما ھېچ!
چېكىنىەي دىسەڭ،
ئۇچۇق دالا كەينىڭدە قالدى،
قالدى ئۇزاقتا.
راسلا چېكىنسەڭ
قالارسەن ئەمىكىن،
ئۆمۈر بويى تەنە ـ مازاقتا.
ئالغا مېڭىپ ناھايىتى
غۇلاپ چۈشەرسەن.
ھەتتا
يىرتقۇچلارغا
ھەمرا بولۇپ تۈنەرسەن.
ئالغا مېڭىۋەر!
پۇتلىرىڭ ياداپ،
ماڭالمايدىغان بولۇپ كەتكىچە.
ئالغا مېڭىۋەر
سەن ئالغان تالقان،
روزىغارىڭ بوپ
يەتكەن يەرگىچە.
باشقىلار ماڭمىغان
بۇ چاتقاللىقتا
ھېچبولمىغاندا
سېنىڭ ئىزىڭدىن
ئاق لېنتىدەك جىم يول قالغۇسى.
كىم بىلىدۇ
سەن ئاچقان جىم يول،
بۇ چاتقاللىقتا
ھايات بەرگۈچى
داغدام يول ئۈچۈن
ئاق بوردا سىزغان
بەلگە بولۇپ قالغۇسى.
قانداق ياخشى ئەۋلاتلار ئۈچۈن
بىر يول قالدۇرۇش؟!
چاتقاللىقتا يېپتەك تۇملۇقتا
ئۇزۇندىن ئۇزۇن
شولا ياندۇرۇش؟!

## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى



شائىر ئابلىكىم خېۋىر 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توخسۇن ناھىيىسىنىڭ پايىزاۋات يېزىسىدا ئوددۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تىل پاكۇلتېتىنى تاماملىغان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1964 ـ يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىغان: ھازىرغىچە 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئون نەچچە داستان، باللادىلىرى ئېلان قىلىندى. ئابلىكىم خېۋىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «چىمەن قىرغاق» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «باھار سىمفونىيىسى» ــ نى نەشرگە سۇنۇش ئالدىدا تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ «باھار شۇنچە كۆپ ئىكەن ئاشناڭ» ناملىق شېئىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «باھار تىلەكلىرى»، «رەڭدار مەھەللىلەر» ناملىق ئىككى شېئىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بۇ ـ مېنىڭ شەھرىم، بۇ مېنىڭ پەخرىم» ناملىق شېئىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابلىكىم خېۋىر شېئىرى ئىجادىيىتى بىلەن بىرگە يەنە تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۇتۇقلۇق ھالدا مېھنەت سىڭدۈرۈپ كەلدى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن ئەيچىڭ، بەيخۇۋالارنىڭ: مەشھۇر سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى مىخائىل ئىساكوۋسكىنىڭ شېئىرلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ ھازىر سوۋېت رۇس يازغۇچىسى، خەلقئارا نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىياتى بورىس پاستېرناكنىڭ مەشھۇر رومانى «دوختۇر ژىۋاگو» نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش ئالدىدا تۇرىدۇ.

## يەللار ۋە ئۆمۈر

ھەسەن تىلەۋالدى

يەللار مېنى سۈرەپ ماڭمىدى،
ياكى مېنى قىلمىدى ھاپاش.
ئۇچقۇر يەللار مېنى قېرىتىپ،
بىر مەزگىلگە بېرىپ قالدى ياش.

ئويلاپ كېتىمەن ئۆتكەن ئۆمۈرنى،
چىقارماق بوپ ھاياتتىن يەكۈن.
يەللار مېنى قېرىتسىمۇ گەر،
ئانچە بىكار ئۆتمەپتۇ ئاي، كۈن.

باشلىرىمغا قونۇپ كۈمۈش قار،
چىرايىمغا كىرسىمۇ قورۇق.
ۋۇجۇدۇمدا ئەلنىڭ سۆيگۈسى،
قەلبىم مېنىڭ شىشىدەك يورۇق.

ئۆكۈنمەيمەن ئۆتكەن ئۆمرىمدىن،
مىنۇت ۋاقتىم كەتمىگەچ بوشقا،
ئوتتۇرا ياش قىران يەللىرىدىم،
بېغىشلانغاچ ئەل ئۈچۈن ئىشقا.

مۇشكۈللەرنى بېسىپ ماڭغاندا.
مەنزىللەردە قاپتۇ ئىزلىرىم.
يۇمۇلسىمۇ كۆزۈم مۇبادا،
قالار نەۋرە، ئوغۇل - قىزلىرىم.

يەللار مېنى سۈرەپ ماڭمىدى،
مەن يەللارنى قوغلىدۇم سۈرۈپ.
يەل ئەلكىدە توكۇپ ئالتۇن تەر،
ئۆمۈر بويى ياشايمەن كۈلۈپ.

## دېمەكچىمەن نىگارىم خىيالچان مېنى

ئابەلجان ھېيت


دەقىقىلەر ئەلكىدە خىيالچان يۈرسەم،
دېمەكچىمەن نىگارىم خىيالچان مېنى.
سەن سۈرگەن خىيالدا بولمىغان بىلەن،
يوق دەمسەن مەن سۈرگەن خىيالنىڭ چېنى!.

خىياللار ئىچىدە ئۆركەشلەر دىلىم،
شاتلىقىم چەمبەرچاس باغلانغان ئاڭا.
ھەر خىيال ئەلكىدە مىڭ ئارمان ئۈمىد،
ھاياتنىڭ سۆيگۈسى ياڭراتسا ناۋا.

خىياللار ئەلكىدە سۆيىمەن يارنى،
خىيالسىز ئېچىلماس گۈزەل ئىستىقبال.
قانداقمۇ خىيالسىز ئۆتەر ھەر دەمىم،
ئەلكىمدە ئەركىلەپ تۇرسا شۇ خىيال.

مەيلى مەن قايسى بىر قىسمەتتە كۆيمەي،
ئەركىنىدۇر خىيالىم ئەركىن مەن شۇھال.
مەن ئۈچۈن خىياللار بىر ئۇلۇق ئىلاھە،
ئالەمنى ئەلكىمدە ئويناتاي خوشال.

خىياللار ئەلكىدە كۈلۈپ ياشايمەن،
ھەرگىزمۇ سۈرمەستىن ھەسرەتلىك خىيال.
مەن سۈرگەن خىيالنى سەن سۈرۈپ باقساڭ،
ئۈمىددىن نۇر قۇچار ئىدىڭ بىمالال.




# سەھەردە يوقۇتۇپ قويغان چۈشلەر

## پولات ھېۋزۇللا



پولات ھېۋزۇللا 1966 - يىلى ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ 1980 - يىلدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژورناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى.

### تۇيغۇ

ئۇرۇق بولۇپ چېچىلدى
ھېسسىياتلىرىم
يوشۇردۇم
كۆمۈپ قويدۇم قارا يەرگە
ئۈنۈپ چىقتى تۇپراقتىن
يېرىپ چىقتى جىسمىمدىن
قۇياش بىلەن سۆيۈشكىلى!

### قۇل

ئىنتىلىش ...
ھەقىقەت ...
ئەقىدە ...
مۇھەببەت ...
قۇل قىلدى مېنى
مەغلۇپ بولدۇم ئۇلار ئالدىدا،
تەۋە بولغاچ ھەممىسى ماڭا! ...

### تىرماشقىن يەلكىنىڭ ئۈزۈپ چىققىچە

(تۇنجى قېتىم چاڭجياڭ دەرياسىغا چەك
ئېلان قىلغان جوڭگو ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىگە)

ئاراملىق - جىمجىتلىقتىن زېرىككىنىمدەك،
سەن ئۆزەڭ ئەكەلدىڭ مۇشۇ چاققىچە.
پۇشايمان قىلىشقا ۋاقتىڭ يوق سېنىڭ،
تىرماشقىن يەلكىنىڭ ئۈزۈپ چىققىچە.
تۇغۇلۇپ بۆشۈككە بۆلەنگىنىمدەك،
خۇيىنى سىڭدۈرگەن نازىنىن تۇرمۇش.
سەن ئەمدى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇڭ تۈگەل،
يوق ئەمدى سەن ئۈچۈن بىردەم جىم تۇرۇش.
يوق ئەمدى خىيالغا مەس بولۇپ يۈرۈش
بار پەقەت تەشۋىشلىك جىددى ئىرادە..
يوق ئەمدى سۆرەلمە كەچۈرمىشلىرىڭ،
يۆك - تاقسىز ساياھەتتەك بولدۇڭ ئازادە.
سەن ئۆزەڭ ئەكەلدىڭ مۇشۇ چاققىچە،
تىرماشقىن يەلكىنىڭ ئۈزۈپ چىققىچە.
تاشلاندىڭ زور ئۇچقۇن ئالقانلىرىغا،
تەنھا سەن

سەن ئەمدى ئۆزەڭنى كۆرسەن ئوچۇق.
سەن ئەمدى ئۆزەڭنى تونۇيسەن ئوبدان!
جىسمىڭدىن، روھىڭدىن مەۋجۇتلۇقىڭدىن
سەن ئەمدى بېرىسەن ئۇلۇق ئىمتىھان!

## ئىنسان تارىخى

تۇنجى
ئاداققى
جىسەكچىدەك
كۆزۈم تىكتىم،
كىچىككىنە يەر شارىنى قوينۇمغا بېسىپ.
ئۈزۈپ يۈرەر يانلىرىمدا،
پىلانىتلار پەرۋانە كەبى.
خىيال سۈردۈم،
كىچىككىنە يەر شارىنى قوينۇمغا بېسىپ.
چەكسىز دەيدۇ ئالەمنى، بىراق،
مەندىن باشقا ئادەم كۆرمىدىم.
خويمۇ تويدۇم
چەكسىزلىكنىڭ ۋەھىمىسىدىن،
تەنھالىقنىڭ قىيناشلىرىدىن،
قۇتۇلماققا ئامال ئويلۇدۇم،
ئامال تاپتىم، سېھىر كۆرسەتتىم.
پارچىلاندى ھۆجەيرىلىرىم،
بىر - بىرىگە سىرداش بولغىلى،
چېقىشقىلى ھەم چاقچاقلاشقىلى!

## بالىلىقنى سېغىنىش

چۈشۈمنى يوقۇتۇپ قويدۇم سەھەردە،
بىردەملىك ۋىسالىنىڭ دەردى يۈز ھەسسە.
چۈشۈمنى يوقۇتۇپ قويدۇم سەھەردە.
ياشلىق سەۋدالىرىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
ۋەدىناس بىر تۇيغۇ بالىلىقتىكى ... ...
بولماس شۇ دەملىرىم يەنە بىر مەرتە،
چۈشۈمنى يوقۇتۇپ قويدۇم سەھەردە!.

1987 - يىل، ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# بۇ - ئىككىنچى بىر يۈزۈم

ئەخمەتجان ئوسمان (سۆيگۈ لىرىكىلىرى)

## قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟

جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
تۇنجى باھار تۇغۇلغاندىمۇ؟
كۆيۈپ كۆكتە ئىلاھ ھىجران،
ئاي ۋە قۇياش ئايرىلغاندىمۇ؟
جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
كۆزلىرىڭدە يۇيۇنار ۋىناس.
كىرپىكىڭدە ئۇخلار قۇشلار،
ئۇخلىغاندا سىرلىرىڭ تىمتاس.
جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
چېچەكلەردىن كېلەر پۇرىقىڭ.
يادلىشىدۇ ئىسمىڭنى سۇلار،
ئاڭلىنىدۇ يەردىن تىنىقىڭ.
جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
قانداق كىرىپ كەلدىڭ چۈشۈمگە؟
كەتتىڭ تاڭنى مەندىن ئۇزارتىپ،
سېھرى ناخشا بولۇپ كۆيۈمگە.
جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
تۈمەن يىللار ياشىدۇق گويا.
شائىرىڭمەن پەقەتلا سېنىڭ،
يۈرىكىمدە ئىلاھى ئۇقيا.
جانان، قاچان سۆيدۈم مەن سېنى؟
تۆرەلدىمۇ سېنىڭدىن ياكى؟
ۋاشىقىڭمەن پىنھان، كائىنات —
ۋۇجۇدلۇقتىن ئۆچكىچە تاكى ...

## دولقۇنلايدۇ كۆزۈڭ ...

دولقۇنلايدۇ بىپايان كۆزۈڭ،
ئېزىپ قالغان يەلكەنمەن ئۇندا.
بورانلىرىڭ پەسەيمەس زادى،
ئاۋازلىرىڭ ياڭرار شاۋقۇندا.

ئىستىمەيمەن قىرغا بېرىشنى،
هايات، ئۆلۈم ماڭا بەربىر.
پاچاقلىنىپ دولقۇنلىرىڭدا،
ئاڭا چۆكۈپ كېتەرمەن ئاخىر.

## ئىنتىزار

كۆزلىرىڭدە بارار يىراقلاپ،
ھەسرىتىمنىڭ يېشىل بولۇتى.
ئېسىڭدىكى تامچە شەبنەمدە،
يۈيىمدۇ سۆيگۈمنىڭ ئوتى.
ساھىلىڭدا كونا قولۋىقىم،
ھېلىغىچە ئولتۇرار مۈگدەپ.

توزاڭ باسقان قوڭغۇراقلىرىم،
چېركاۋىڭدا تۇرىدۇ ئۇنلەپ.
چۈشلىرىڭنىڭ شىلدىرلىشىغا،
قۇلاق سېلىپ ياتار ئورمىنىم.
تۈمەن يىللار ساقلىدىم سېنى،
تۈن قوينىدىن كەلسەڭچۇ جېنىم!

## كىشنەيدۇ يۈرەك

ئاشىقىڭمەن ئۈنسىز، ئۈمىدسىز،
تونىمايسەن لېكىن سەن مېنى.
چاچلىرىڭنى پۇرايمەن پەقەت،
قۇچاقلايمەن چۈشۈمدە سېنى.

تەنها قالدىم ئايدىڭ كېچىدە،
سىردىشىم يوق شۇ ئايدىن بۆلەك.
يالىغىدا سۆيگۈڭنىڭ شۇدەم،
ئۇزاق - ئۇزاق كىشنەيدۇ يۈرەك.

1986 - 1987 - يىللار دەمەشق

## ئارامسىز خىياللار

مۇختەر مەخسۇت

1

مۇقام تارتىپ ناخشىلار ئېيتتىم،
كۆككە سىڭىپ كەتتى ساداسى.
پەسىل ئاتلاپ تۆكۈلدى چېچەك،
يۇلتۇز كەبى قالدى گىلاسى.
خىيال بىلەن كەزدىم دەشت - چۆلنى،
قېنى ئەمدى ئۇنىڭ ئىزناسى؟.

2

مەن كېلىمەن دالا ئاختۇرۇپ،
سوراقلارنىڭ دەۋىتى بىلەن.

قېدىرىمەن يەر - كۆكنى تامام،
ئاچ نەزىرىم بۈركۈتتەك چىچەن.
يان - يېنىمنى سىلاشتۇرىمەن،
يانچۇقتا پۇل، يېنىمدا نىگار ...
بىر يوقسۇزلۇق كېزەر ئىچىمدە،
تاپالمىدىم مەن ئۇنى زىنهار.
ئاھ، يېنىكلىك، ئاھ، سەن يوقسۇزلۇق،
سوراقلارغا ئۆزەڭسەن جاۋاب؛
كۆڭلۈم ئېغىر تۇرسا ئۆزەمنى،
نىچۈن يەنە سەزدىم قۇرۇق قاپ؟

يوقاتقىنىم بىلسەڭ ئەي نىگار،
ئېغىرلىقتۇر ئەل تارازىسىدا.
بويۇن قىسىپ تۇرىمەن مانا،
سوراقلارنىڭ دەرۋازىسىدا ...

**3**

شەپە بېرىپ چىلىمىا نىگار،
باشلىما ھەم كەچلىك سەيلىگە.
ئازاب چەككەن تەنتەك كۆڭلۈمنى،
قويالمايمەن ئەمدى مەيلىگە.
ھاي ـ ھاي بېرىپ بەگباش ھىسلارغا،
تاللىۋالدىم سۆيۈملۈك يولنى.
ئالدانمايمەن،
خىياللىرىمغا،
كىرىپ كېتىپ سۇنساڭمۇ قولنى.
جىمجىت كېچە ـ سۆيۈملۈك نىگار،
ماڭا بۇندا ئەرك، ئاراملىق.
سىرداشىمدۇر ئىجاد پەرىسى،
مەيلى بۇنى دېگىن ساراڭلىق.
كۈندۈزلىرىم دوسلارغا قۇربان،
كېچە مېنىڭ، ئاق كېچە مېنىڭ.
چىللىمىغىن سەيلىگە نىگار،
دۇر سۆزمەكتە ئامرىغىڭ سېنىڭ.

**4**

گەز باغلىدى لەۋلەر بۇ كېچە،
قاچتى دىلبەر سەلكىن شامالدەك.
قېنى ئىلھام پەرىسى ئۆزەڭ،
يېتەلمىدىم ساڭا خىيالدەك.
سەن كىملەرنى يوردۇق ئۇچۇرۇپ،
چۈشتەك گۈزەل تاڭدا پاخالدەك ...؟

**5**

تۇۋا دەيمەن ئاشۇ ھۆپۈپكە،
گۈلشەنلەردىن ماكان تۇتۇپتۇ.
كۆز ـ كۆز قىلىپ رەڭ جۇلاسىنى
ھەم تاج قىسىپ مەغرۇر ئۆتۈپتۇ.
كىم ئۇنىڭغا زەر تون كىيگۈزۈپ،
كىملەر ئۇنى ئەيلىدى رەڭدار؟
شۇ ھۆسنىگە بىماس سايرىشى،
كىشلەرنى قىلىدۇ بىزار.
تورغاي كۆيى مۇڭلۇق ۋە گۈزەل،
تىللىرىدىن مۇقام تۆكىدۇ.
توقايلاردىن ئاڭلانسا ئۇنى،
ھەر كىم بىر پەس توختاپ ئۆتىدۇ.
~~ئېيتقىنىدا دوست، گۈزەل بولمىغاچ،~~
تورغاي شۇڭا گۈزەل سايرامدۇ؟
ياكى گۈزەل سايرىغاچ، ئاڭا،
گۈزەللىكلەر نېسىپ بولمامدۇ؟
ئېيتقىن، ھۆپۈپ گۈلشەنگە خاسمۇ؟
تورغاي بۇندا سايرىيالماسمۇ؟!

# ئەسسالام يۇلتۇزلار

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

**قۇياش ھەققىدە قىسسە**

يەر يۈزىگە
چۈشتى ئېقىپ ماڭلايدىن تامچە.
نۇر قېتىمغا بۆلەپ جاھاننى،
چىقتى كۆككە بۆلۈپ شارىسىمان،
ئانىلارنىڭ بولۇپ ئانىسى،
ھايات تۇغۇپ كەلدى ئۇ ھامان.

### مەن ئايدا

مېنى ئىزدەپ بارما بۇلاق بويىغا،
باسالمـاسـتىن هـايـاجىنىڭنى.
ئاتمىغىن سەن ئۆزىڭنى هەرگىز،
بۇلاقتىكى ئالتۇن رەڭ ئايغا.
مەن ئايدا،
كۆتـەـكـتمەن سېنى بىتاقەت،
يەرگە بېقىپ دىمىگىن
مېنى سەن قايدا؟ ...

### ئىقبال

يول ...
كەينىمگە باقسام،
يەرگەسىڭمەي، يالقۇنلىنار سانسىز تامچىلار.
شولىسىنىڭ هەر بىر زەررىسى،
بولۇپ بىر ساداق،
يۈرىكىمگە كېلىپ سانچىلار.
قويماي تېرىپ تامچىلارنىڭ بارىنى،
ئىقبال بويـىنىغا،
ئېسـىپ قويىمەن ياساپ بىر تىزىق.
گۆدەك چېغىدا،
نەزىرىنى تاشلىسۇن ئىقبال،
غورۇرلىنىپ ياشىنىسۇن ئىقبال.

### هىجران قىسسىسى

1

قېنى ئۇ قىز،
قۇنالغۇسى قاياقتا ئۇنىڭ؟
كۆز يېشىنىڭ ئاداققى بىر تامچىسى،
قېتىپ، توڭلاپ،
قۇچىقىدا چاقنار سۇبهىنىڭ.

2

يىگىت شەلپەر خانىسى ئىچىدە،
كۆتەرگەندە ئالتۇن بېشىنى.
زەر كىرپىكلەر ئىرغىتىپ،
غايىپ قىلدى قىزنىڭ يېشىنى.

3

قىزنىڭ يېشىدىن،
تۇپراق يۈزى كەتتى نەملىنىپ.
سانسىز يۇلتۇز تۆرىلىپ يەنە،
گۈل بەرگىدە تۇرار تەۋرىنىپ.

4

كۈندۈز — قىزنىڭ چۈشىدۇر گويا،
ئۇخلار ئاڭا يۆگىنىپ دۇنيا.

### مايسا

كـائىناتنى
قۇچاقلىدىم كىرپىگىم بىلەن،
غايىپ بولدى هەممە مەۋجۇدات.
ئۈنۈپ چىقتى،
تۇپرىقىدىن تەپەككۇرۇمنىڭ،
تالاي دۇنيا
تالاي مۆجىزات،

## ئەستىن چىققان خىياللار

**زاهىر ئابدۇراخمان**

### ئۇنتۇلغان سوئال

1

تەكلىماكان
تەتە قىلىپ باهارنى،
باشلاپ بارسام ئالدىڭغا.
تونارسەنمۇ كۆزلىرىدىن ...

2

ئۇچۇرسام

تاڭغا قوشۇپ قالغاچلارنى،
چۈشلىرىڭنى چىقىرارسەنمۇ،
كۈتىۋالغىلى ...

3

ئەپار قوشۇپ
ھىدلىرىغا شامالنىڭ
ئېۋەتسەم،
ئارامىڭنى بۇزسا
چېكىمپ دېرىزەڭنى،
قۇم چاچارسەنمۇ كۆزلىرىڭگە ...

4

ئېۋەتسەم ئاينى،
سىردىشىشقا سەن بىلەن،
جۆيلەسەنمۇ ئەنسىز
ئۇيقۇلۇق.

5

تەكلىماكان
ئۇزىلەرمۇ چۈشلىرىڭ
بىر كۈن......؟!

قەلبىڭدىكى يوللارغا ئوخشاش...
ئەگەر
تاپقا چۈشمەي
ياشلىقىمدا بەكۋاشلىق قىلسام،
قاتقان مەڭزىڭدە
ئۆكۈنۈشتىن دۇمۇلارمۇ ياش ......؟!

**باشسىز ۋۇجۇتلار**

1

يوگرەيدۇ
سامانلىقتىن قوتانلارغىچە
قوتانلاردىن سامانلىقلىقىچە،
موكچەيگەن گەۋدىسىگە
يودۇكلوك ھامان.
ئىراس قالغان
مەخسۇملۇقتىن باخشىلىقىچە،
باخشىلىقتىن سارائلىقىچە ......

2

پېشانىسى دۇمبا يېمەكى،
نىشانىسى «بوردا» يېمەكى.

**ھەيرانلىق**

تارىم
ئارامگاھى سەن كۆكنىڭ،
چۆمۈلىدۇ بىر سەندە
كۈندۈزدە كۈن،

ھەيرانمەن
نېچۈن يەنە سۈيۈك لاي؟!!

**تاپ**

ئاتا
ياشلىقىڭنى بەردىڭ ماڭا
قىسسەنماي،

ھاساڭ بىلەن
سىزىپ بەردىڭ يولۇمنى،
يوللىرىدا
جۇۋاز سۆرىگەن كالىغا ئوخشاش،
ماڭار تىنىمسىز، بىراق
كۆرۈلمەيدۇ مەنزىلىدىن ئىز ......

3

زېمىن سەسكىنىدۇ ئاياقلىرىدىن،
تارىخ ھالسىرايدۇ ئاياقلىرىدىن، پەقەت.
رازىمىكىن ئاللانىڭ ئۆزى
ئۇلارغا بەرگەن ساياقلىرىدىن.
ئۇ ئۆزى لىللا كىيسەمچى بولسا
بىرەر كىمن ئورۇن،
ئۆز دەرگاھىنىڭ قاياقلىرىدىن......؟!

1987 ـ يىلى يانۋار، ئاقسۇ

## بۇلبۇلغا خىتاپ

## روزى سايىت

مەن ئۇزاقتىن بېرى «بۇلبۇلنى بىر كۆرسەم، سايرىشىنى بىر ئاڭلاپ باقسام» دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرەلمىدىم، سايرىشىنى ئاڭلاشمۇ نېسىپ بولمىدى. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلبۇل جۇپلىشىشتىن ئەۋەلقى مەست ۋاقتىدا سايرايدىغان، تۇخۇم باسقان مەزگىلدىن باشلاپ تاكى كېلەر باھارغىچە نەلەگىدۇر يوقايدىغان پەسىل قۇشى ئىكەن ...

بۇلبۇل،

بۇلبۇل كويلەپتىمەن نەچچە يىل،
مىسرالارنى تەئرىپىڭگە باقتۇرۇپ.
يۇرتۇڭ ئىكەن گوزەل، خەلقى خۇشپېئىل،
شۇ خۇسۇستا سايرا، تىڭشاي ياقتۇرۇپ.
كەل، ئىككىمىز سىردىشايلى خەندە قىل،
ئاۋازىڭنى قاش سويىدەك ئاقتۇرۇپ ...

دېدىم شۇنداق، كەزدىم يېقىن - يىراقنى،
تەلەي كاجمۇ — كۆرەلمىدىم ئۆزۈڭنى.
ياقماقچىمۇ ئىنتىزاردىن پىراقنى.
ياپراقلاردا ئىنقاپلىدىڭ يۈزۈڭنى.
راۋا كۆرمەي بۇندىن ئارتۇق سوراقنى،
كۈتكەنىدىم جاۋابىڭنى - سۆزۈڭنى؛

چىققى پاختەك «گۇ - گۇ» لىشىپ دالىدىن،
قارىغۇجىلار قوندى شاخقا ۋىچىرلاپ.
ئۇچۇپ ئۆتتى دەرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
سوپىياڭلار تەبەسسۇمدا پىچىرلاپ.
سۆزلەشتى تەك كەچكىنىنى يادىدىن،
(قەلەم شۇ ئان ئىشقا چۈشتى غىچىرلاپ).

دېدى ئۇلار: «كېچىكىپسەن ئىلچىلىك،
كېيىن كەلدىڭ ياڭراق ناۋا پەسلىدىن.
ئۇ ئېغىر بوي، گۇمان قىلما قىلچىلىك،
بالا باشلاپ چىققىدۇ پات پەسلىدىن.
گەر تاقېتىڭ يەتسە، كەلسەڭ كېيىنچىلىك،
نەپ ئالىسەن ئاۋازىدىن، ۋەسلىدىن...»

دېدى يەنە: «ئۇزۇرى بار بۇلبۇلنىڭ،
دەيدۇ "ھەرگىز رەنجىمىسۇن مېنىڭدىن.
ئىچىپتىمەن شارابىنى ھەر گۈلنىڭ،
مەسخۇشلۇقتا كۆي ياڭراپتۇ تىلىمدىن.
كەيپىم تارقاپ، پەيتى كېتىپ مەرغۇلنىڭ،
چىققالمىدىم شۇڭا ھازىر ئىنىمدىن" ...»

ئىش مۇنداقكەن، تېخى تاسلا قاپتىمەن،
گۇمانلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى.
سېنى بىر يوق ئەپسانىكەن دەپتىمەن،
بولمىسا ئۇ چىققىماقتى گۈل چاچقىلى.
ھەر قانچە بوپكەتكەنىدىمۇ يۈز تۆۋەن،
نېمە قىلدىم بۇلبۇل مەندىن قاچقىلى؟

«شائىر كەلدى!» دەپ ئاڭلاپلا، تەمتىرەپ،
مۆككىنىمۇ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ؟
يە سايراشقاق چېنىشىدىن ئەنسىرەپ،
كەتكىنىمۇ ئۆۋۈپسىنى كۆچۈرۈپ؟
تەڭ سايرىشاق جانلانىماتتى ھەر تەرەپ،
كەڭ ۋادىنى كويگە كۆمۈپ، كولدۇرۇپ؟...

بۇلبۇل،
بۇلبۇل سايرىشىڭدا شەرت باركەن،
بىلمەپتىمەن شەرتىڭنى، مەن ناماقۇل،
دەپقالغىنىڭچۇ «شائىر ئاتىلىق مەرت باركەن»
تەڭلىدىم، ئال، ھۆرمەتكە لىق باكاۋۇل.
ئىچ قانغىچە، سايراشقىمۇ پەيت باركەن،
مەسخۇشلىقىڭ تۈتقىچە قىل تاناۋۇل.

كېلىپ قالسام يانغۇرقى يىل باھاردا،
سايرىشىڭنى تىڭشىۋالاي قانغىچە.
بەزمە تۈزۈپ ئالمىلىق باغ، گۈلزاردا،
مۇڭدىشايلى ھەمرا بولۇپ تاڭغىچە.
خىتاۋىمنى قويۇپ كېتەي ئۇزاردا،
ئىلاج بولسا دىدار كۆرسەت يانغىچە!؟...

1986 - يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

بىر دانىشمەندىن سورىدى:

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە، ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟

دانىشمەن جاۋاپ بەردى:

— دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە گۈزەل ئەخلاق، تەربىيە، ئىرادە، غەيرەت بولۇپ، شۇ گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن نام چىقىرىشتۇر. ئۆلۈمدىن بەتتەر يامان نەرسە تەربىيەسىزلىك ۋە ھورۇنلۇق بىلەن شۆھرەت قازىنىشتۇر.

يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەم قانداق بولىدۇ؟

دانىشمەن ئېيتتى:

— كۆپ نەرسىنى بىلىپ، كەم سۆزلىگەن، ئۆز بىلىمىگە مەغرۇرلانماي بىلمەيدانلىق قىلمىغان ئادەم ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلىنىدۇ.

× ×

بىر كىشى تامدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتى زەخمىلەندى. ئۇنىڭدىن ھال سوراپ يوقلاپ كەلگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلىپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىشى بىزار بولغانلىقىدىن بىر پارچە قەغەزگە مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ، ئۇلارغا كۆرسەتتى: «ئەزمە كىشىلەرنىڭ سۆھبىتى جانغا ئازاپتۇر. كېسەل ھالىنى سورىغىلى كەلگەن كىشىلەر ئەزمىلىك قىلماي تېز چىقىپ كېتىپ، كېسەلگە ئاراملىق بەرگىنى تۈزۈك». ( خېلىل مۇھەممەت تەرجىمىسى )




## خې ۋېيمىڭ

### قۇربان بارات تەرجىمىسى

بۇ داستاننى كۈنچى دەرياسىنىڭ روھى — باتۇر ئىسيانكارلار، ئېگىلمەس-سۇنماس ئىنزەلەنگۈچىلەر بولغان تاھىر ۋە زۆھرەگە بېغىشلايمەن.

---

ئاپتوردىن: مەن بۇ داستاننىڭ 1952-يىلى يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە توپلىغان خەلق رىۋايىتىنى ماتېرىيال قىلدىم. بۇ رىۋايەت كورلا رايونىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. رىۋايەت قەھرىمانلىرىنىڭ پاجىئەسىگە ئىلاھىيلىق سىڭگەن. ئۇلاردا كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان شىجائەت كۈچى، مۇقەددەس ۋە پاك روھنىڭ نۇرى بار.

ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، مەن رىۋايەت قەھرىمانلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ يۈردۈم. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئوبرازى مېنىڭ خىيالىمدا دائىم پەيدا بولۇپ تۇردى. ئۇلار توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ زوراۋانلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئەركىنلىك ئىنزەلەش روھىنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدىن بولغان. بۇ قەھرىمانلارنىڭ باشەگىم تېغىنىڭ چوققىسىدا قەبرىسى بار. گەرچە يىگىت-قىزلار بۇ قەبرىنى يوقلاپ تۇرسىمۇ، قېرىلار دۇئا قىلىپ ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا يېتىم ۋە غېرىب كۆرۈنىدۇ. مەن كىشىنى ئۇلۇق-كىچىك تىنىدۇرىدىغان بىر ھەسرەت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە ئۈمىت ۋە خەيرىخاھلىق گۈلچەمبىرىكىنى قويۇپ قويدۇم.

مەن بۇ داستانىمدا ئەسلى رىۋايەت خاتىرىسىنى رەتلەپ چىقىمىدىم ياكى بۇ رىۋايەت توغرىسىدىكى خەلق داستانلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئىشلىمىدىم، بەلكى رىۋايەت ۋەقەلىكى ئاساسىدا قايتا ئىجات قىلدىم، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول كانلىرىنى ئېچىش يۈزىسىدىن بىر قېتىملىق ئىزلىنىش ئېلىپ باردىم. كىتابخانلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇقەددىمە

زۇمرەتتەك يالتىراپ كۆنچى دەرياسى،
ئاقىدۇ يايغاندەك توز قانىتىنى؛
ئۇ جايدا ئاڭلايسىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ،
قەدىمىي بىر گوزەل رىۋايىتىنى.
ئۇ سۆيگو ۋە جاپا توغرىلىق ناخشا،
كۆز يېشى، قان بىلەن يېزىلغان داستان.
ئۇنىڭدىن يالقۇن ۋە خەنجەر نۇرىدەك،
يالتىراپ تۇرىدۇ ئۆلمەس بىر ئىسيان.

### 1. ئاببىاس خاننىڭ ماكانى

كۆل بولغان ئىكەنمىش كورلا ۋادىسى،
بەك ئۇزاق ئۆتمۇشتە قالغان زاماندا.
كېيىنچە شەھەرلەر كۆتىرىپتۇ قەد،
زىمىنغا ئايلانغان بۇ كەڭ ماكاندا.
باشەگىم ئاببىاسنىڭ قەلئەسى ئىكەن؛
قان بىلەن سۆڭەكتىن قىلىنغان بىنا.
سۆزلىنەر بۇ ماكان رىۋايىتىدە،
ئىنسانىنىڭ قايغۇسى، كولكە ۋە يىغا.
مەدداھلار كويلەيدۇ تا ھازىرغىچە،
ئۇندىكى كىشەن ۋە خەنجەر توغرىلىق.
تاھىر ۋە زۆھرەنىڭ ئىشقىي پاجىئەسى،
تارالغان شۇ تاغلار ئارا تۇغۇلۇپ.
قىيادا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئېنىق،
ئاببىاسنىڭ ياسىدىن ئۇچقان ئوق ئىزى.
تاققا ۋە دەرياغا چاچىدۇ شولا،
ئاشىقلار تاراتقان ئۇچقۇن يۇلتۇزى.
بۇ جايدا يول ئۆتەر ھاڭلارنى بويلاپ،
چوققىلار ئاسمانىنى تۇتار سوزۇپ قول.
جەنۇپ ۋە شىمالنىڭ بۇ ئۆتكىلىدە،
ئاببىاسخان قۇرماقچى بولدى بىر قورۇل.

ئويلىدى، ئورناتسام تۆمۇر دەرۋازا،
قەلئەگە تېگەلمەس يات قەبىلەر؛
ئويلىدى، قۇللىرىم قاچالماس يەنە،
يوق بولار ئىسيانلار ۋە ئەنسىز كۇنلەر.
ئۇنىڭغا تەئەللۇق بۇندا يەر - زىمىن،
پايانسىز يايلاقلار ئۇنىڭ يايلىقى.
ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەتتا ئاسمانمۇ،
ۋادىلار ۋە تاغلار ئۇنىڭ بايلىقى.
كۆنچىلەر ياشايدۇ دەريا بويىدا،
تەقدىرى ئەركسىز، ھال - كۇنى قىيىن.
بار ئىدى كۆنچىنىڭ ئىشخانىلىرى،
دەريانىڭ نامىدۇر كەلگەن شۇنىڭدىن.
كويچىگە ئوخشايدۇ بۇ گوزەل دەريا،
ئۇن بېرىپ ئاقىدۇ كوندۇز - ۋە كېچە.
خەلقىنىڭ قايغۇسى ۋە ئۇمىدىنى،
ئۇ كويلەپ كەلمەكتە تا بوگۇنگىچە.
ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن بىر جۇپ توز قۇشى،
ئېتىلغان خاقاننىڭ قانلىق تەختىگە.
ئېتىلغان زۇلۇمغا تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
ئىنتىلگەن خەلقنىڭ گوزەل بەختىگە.
بەختنى ئويلايتتى ئادەملەر ئۇندا،
تەقدىر ئۆزگىرىشىنى بىلەتتى كۆرمەك.
ئۇلارنى جەننەتتىن قىلغان ئۇمىتسىز،
دوزاختەك دۇنيادا تەمتىرەپ يۇرمەك.
ئاببىاس خان دۆلىتى مىسلى قىش ئىدى،
ھاياتنىڭ باھارى بولۇپ باقمىغان،
ئۇندا گۇل - گىيالار ئاچمايتتى چېچەك،
دوزاقتەك كويۇپ ئوت، تىرقىرايتتى قان.
ئادەملەر خاقاندىن يۇرەتتى قېچىپ،
تىترەيتتى نامىنى ئاڭلىسا ھەتتا.

قاچاتتى كۆرگەندە نەۋكەرلىرىنى،
تاغلار ۋە ئورماندىن ئىزلىشىپ پانا.
قامچا يەپ ئۆسەتتى تۇغۇلغان ئوغۇل،
قىز بولسا ئۇچرايتتى خورلۇق - ئازارغا.
ئادەملەر غەزەپلىك ۋە ئۈنسىز ئىدى،
قۇشلارمۇ جۈرئەتسىز ئىدى پەرۋازغا.
مۇقەددەس بولاتتى خاننىڭ بۇيرۇقى،
تىك قاراش سانالغان ئۇندا جىنايەت.
ئەقىللىق ئادەملەر بولغان گۇناھكار،
ۋە گۈزەل قىزلاركى كەلتۈرگەن ئاپەت.
تۇسۇن ئات مىسالى يۈگەنسىز بولۇپ،
پەقەت خان يايرايتتى بۇ مەملىكەتتە.
ھەشەمەت قوغلىشىپ سېمىز ھۆكۈمران،
ئۆتەتتى چېكى يوق ئەيشى - ئىشرەتتە.
بۇ ئاچ كۆز تاجدار ياشايتتى پەقەت،
ھوقۇق ۋە ئىناۋەت ئىستىكى بىلەن.
ئۇ بىغەم ۋە تامام بىپەرۋا ئىدى،
خەلقنىڭ ئۆلۈكى - تىرىكى بىلەن.
بار ئىدى بىر ئۇستاز، ئەل دەيتتى ھاپىز،
ئۇستازنى ئابباس خان كۆرەتتى يامان.
خاننىڭ قولتۇغىغا ئالغانتى كىرىپ،
ھىيلىگەر ۋەزىرى بولغان قارا خان.
ياغدۇرۇپ ئالەمگە پىتنە ۋە پاسات،
ئۇ ئوردا ئىچىدە قۇترايتتى ھەدەپ.
قۇترايتتى قورۇلنىڭ دەرۋازىسىدىن،
بۈركۈتمۇ قاناتلىق ئۆتەلمىسۇن دەپ.
تاغلارنى، سۇلارنى ۋە ئىنسانلارنى،
كىشەنلەش بوپقالدى ئۇنىڭ خىيالى.
يۈردى ئۇ ئۆزىگە قويۇپ تەمەننا،
ۋە ھاپىز قايغۇردى بولماي ئامالى.
كۆنچىنىڭ سۇلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ،
بولمىدى دولقۇنلۇق، ئاقمىدى راۋان.

خەتەرلىك بوپقالدى كارۋان يوللىرى،
باشەگىم ئالدىدا پۇراپ تۇردى قان.
قاراخان قىلاتتى تالان ۋە تاراج،
بەختسىز يولۇچىلارنىڭ چۈشۈپ پېيىگە.
ئۇلارنىڭ ئەلەمدىن تۆكۈلگەن يېشى،
قوشۇلۇپ ئاقاتتى دەريا سۈيىگە.
يۈزلەندى كورلىنىڭ يايلاقلىرىغا،
باھارمۇ يىراقتىن ياڭرىتىپ ئاۋاز.
يايلاقتا تاھىر دەپ يىگىت بار ئىدى،
ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرگەن چەۋەنداز.
سوغاقتىن قورقمايدۇ باھار غۇنچىسى،
يايىدۇ مۇقەررەر بەرگىنى رەڭدار.
ۋادىدا يېتىلدى گۈزەل قىز — زۆھرە،
ئاۋازى بۇلاقتەك ئىدى ئاھاڭدار.
ناخشىلار ئېيتاتتى تاھىر ئىككىسى،
قىلاتتى ئۇلاردىن ھاپىز ئەندىشە.
ئابباس خان باھارنىڭ قاتىلى ئىدى،
قاراخان شۇملۇقنى ئويلار ھەمىشە.
سەيسىسى باشلاندى تۆمۈر قورۇلنىڭ،
ئىشلىدى ئۇنىڭدا كۆپلىگەن قۇللار.
تاغلارنىڭ ئىچىدىن تۇسالدى دەريا،
يولىنى ئۆزگەرتتى كۆمۈش دولقۇنلار.
ئادەملەر سەيسىدىن قاچتى توختىماي،
ئۆلۈشتى زۇلۇمدا ۋە مېھنەتتىدە.
تاھىر ۋە زۆھرەمۇ بولۇشتى پەيدا،
سەيسىگە تۇتۇلغان قۇللار سېپىدە.
بۇ ماكان ئاببابسىنىڭ مۈلكىي ماكانى،
پاجىئەلەر ۋەتىنى بولغان ئۇ ھەردەم.
باشەگىم قۇچاق ئاچ!

تاھىر ۋە زۆھرە،
سېنىڭ تۈپرىقىڭغا قويماقتا قەدەم.

## 2. چىپار كىيىك، سۆيگۈ، بۆرىلەر

ئاسمان ۋە زېمىننى يۇيغاندا يامغۇر،
كۆرۈندى ئۇپۇقلار سۈزۈك بولاقتەك.
بالقىدى نۇرلىنىپ ئاسمان كۆۋرۈكى،
بىر رەڭدار كۆۋرۈككى خۇددى ئوغاقتەك.
تەۋرەندى يايلاقنىڭ يېشىل مەخمىلى،
ئورماندىن ئاڭلاندى كىيىك ساداسى.
ئۇپۇقلار بويىدىن كەلدى جاراڭلاپ،
كومۇش قوڭغۇراقتەك ناخشا ئاۋازى.
يايلاقتا يامرىدى قوي پادىلىرى،
شامالدا يەلپۈنگەن ئاپپاق گۈلزاردەك.
ئاسمان كۆۋرۈكىگە قوندى توز قۇشى،
كۆرۈندى زۆھرەمۇ كۈلۈپ باھاردەك.
ئۈستىدە تۇم قارا جىيەكلىك پىنجەك،
بېشىدا ئۇكىلىك چىرايلىق قالپاق.
بېلىنى باغلىغان يۈك چۈلۋۈر بىلەن،
زىننەتسىز ئىدى ئۇ ئاددى ۋە ئوماق.
ئۇ نازۇك ئۆسكەندى مەجنۇنتال كەبى،
ھۆسنىنى بىلەتتىنىڭ قار لەيلىسى دەپ.
مارجانلار چاقنايتتى ئاپپاق بوينىدا،
قەلەمدەك قاشلىرى تۇراتتى تىترەپ.
كۆرۈندى ئورماننىڭ چىپار كىيىكى،
شوخلىنىپ زۆھرەگە باقتى يىراقتىن.
زۆھرەنىڭ كۆزىدە كۈلدى تەبەسسۇم،
كۈن نۇرى قايتقاندەك كۆزگى بولاقتىن.
بۇ گۈزەل قىز ئىدى يايلاقتا تەنھا،
مالچىلار قىلاتتى ئۇنىدىن ئىپتىخار.
بۇ يوقسۇل قىزنىڭ غېمىنى يەيتتى،
ساقىلى كۈمۈشتەك ئاپئاق ئات باقار.
ئات باقار ياشايتتى تەنھا ۋە يېتىم،
ئوردىدا جان بەرگەن بىر يالغۇز قىزى.
ئون ئىككى ياشتىلا ئۇنىڭ جىسمىدا،
قارا خان قالدۇردى قاتىللىق ئىزى.
ئۆلتۈردى قاراخان قىلىپ دەپسەندە،
ئاتىغا كەڭ جاھان بولۇپ قالدى تار.
قىزىنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ ئۆزىنى،
ئوردىغا ئەپكىلىپ قىلدى ئات باقار.
زۆھرەگە كۆيۈنۈپ بۇ مالچى بوۋاي،
قايغۇ - ئەندىشىدە بولاتتى پىنھان.
كۈلپەتلىك ئىشلارنى كۆرگەن كۆپ قېتىم،
ئاببىسقا مال بېقىپ ئۇ ئۇزاق زامان.
ئويلايتتى، زۆھرەنىڭ ئاتىسى ئۆلدى،
خاقاننىڭ جاپالىق سەيسىسى بىلەن.
تۇل قالغان ئانىسى يېتىم زۆھرەنى،
چوڭ قىلدى ئېمىتىپ كۆز يېشى بىلەن.
تولۇن ئاي مىسالى بۇ ئوماق گۈزەل،
تارتمىسۇن ئۇلاردەك جاپا ۋە كۈلپەت.
بەختىنىڭ ئۇمىدى يار بولسۇن ئاڭا،
دەيتتى ئۇ،
قەلبىمنى ئېزەتتى بۇ دەرت.
پادىلار تولىنىپ سۇ ئىچەر جايدا،
گىيالار خۇش پۇراق چاچىدۇ ھەدەپ.
بولمىسا يايلاقنىڭ چەۋەندازلىرى،
كۆرۈنەر ئۇ يايلاق غېرىپ، چۆلسىرەپ.
ئېتىنى چاپتۇرۇپ باراتتى تاھىر،
رەڭدار ياي سوسلىشىپ يوقالغان ياققا.
نۇرلانغان تاغلارغا قارايدۇ پات - پات،
پۇلات ئۈزەڭگىدە تۇرۇپ ئاياققا.
ئۇ كىيىك تېرىسىدىن كىيگەن جىلىتكە،
قامىتى كۆرۈنەر كۈچلۈك ۋە چاققان.
تۆگىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان شىمى،
ۋە قىزىل ئۆتۈكى شۇنچە ياراشقان.
تەگرىلەر يىگىتنى خۇددى مەشئەلدەك

ياۋقۇنلۇق كۆزلەرگە قىلغاندى ئىگە.
بۇرۇتى خەت تارتقان نىپىز لىۋىدە،
پارلىنىپ تۇراتتى قەيسەر بىر كۈلكە.
قوشۇما قاشلىرى، خەنجەر كىرپىكى،
دولقۇنلۇق قەلبىنى قىلار ئىپادە،
بۇ كىگىز ياسايدىغان ھۈنەرۋەن يىگىت،
تاي كەبى بويسۇنماس ئىدى زىيادە.
دەريادىن سۇ ئىچەر ئىدى بىر كىيىك،
تېرىسى چاقناپتتى ئۇنىڭ گۈلخاندەك.
تاھىرنىڭ قەلبىدە تۇغۇلدى ئارزۇ،
ئۇ ئاتتىن سەكرىدى خۇددى ئۇچقاندەك.
سەھرالار ئەركىسى قالدى تېڭىرقاپ،
شوخ يىگىت چۈشكەندە سەكرەپ ئالدىغا.
كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە بولدى ئۇ تۇتقۇن،
تاھىر سۆيدى ئۇنى، باستى باغرىغا.
دېدى ئۇ، يوق مەندە ئىلاھى قايچا،
شەپەقتىن كەسمەكچى بولغاندىم رومال.
بىر تىزىق قىممەتلىك مارجان تاپاي دەپ،
ھەر قانچە ئۇرۇنسام بولمىدى ئامال.
قورقمىغىن، تىترىمە ئۇماق كىيىكىم،
قىلماقچى مەن سېنى قىممەتلىك سوغا.
ئاپىرىپ بېرىمەن سېنى ئاۋايلاپ،
يۈزلىرى ئانارەڭ، كۆزى يۇلتۇزغا!
دېدى ئۇ، ياپلاققا قاراپ ئات سالدى،
زۆھرەگە يولۇقتى دېگۈچە ھەش - پەش.
— بۇ كىيىك بالىسىنى سىزگە ...مەن... —
بۇ سۆز،
زۆھرەنىڭ قەلبىدە كۆتەردى ئۇركەش.
تارتىنىپ قېلىشتى ياشلار تۇيۇقسىز...
ئەي كىيىك بالىسى چۆچۈمە مۇنداق!
باققىنا تاھىرنىڭ يۈزى قىزاردى،
قىزىللىق ئىچىدىن بالقىپ چىقتى ئاق.
تولۇن ئاي يۈزىنى توسماي دېگەندەك،
ئاق بۇلۇت دالدىغا ئالدى ئۆزىنى.
ئېدىردا قامەتلىك يېشىل قارىغايلار،
جىمغىنا ئاڭلاشتى سۆيگۈ كۈيىنى.
باھارنىڭ ئويغاتقۇچى شامالىرىدىن،
يېشىل رەڭ ئالىدۇ دالا - ئۇپۇقلار.
تېرىلغۇ مەۋسۇمى كەلسە يۇرتلارغا،
تۇپراققا ئىگىلەر ئالتۇن ئۇرۇقلار.
ياش يىگىت گۈزەل چۈش كۆرگەندەك بولۇپ،
تۇراتتى چىرايلىق كىيىكنى سىلاپ.
تاھىرغا تارتىنىپ باقتى - دە زۆھرە،
بوينىدىن مارجاننى يەشتى ئاۋايلاپ.
مارجاننى تاھىرغا سۇندى ئۇ ئاستا،
ۋە دېدى: بۇ مەندىن سىزگە يادىكار.
ئېلىڭ، يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ مەڭگۈ،
ئۇ تۈن زۇلمىتىدە يوپ - يورۇق چاقنار.
كۆك بويلاپ ئۇچقاندەك قاپ - قارا بۇلۇت،
بۆرىلەر چىپپىشىپ چىقتى جىلغىدىن.
ئېتىلدى، ئالماقچى بولامدۇ ئۇلار،
ئىنساننىڭ ۋە ياكى قويىنىڭ گېلىدىن؟!
قولىغا كالتەكنى ئالدى - دە تاھىر،
ئېتىلدى بۆرىلەر توپىغا چاققان.
ئېتىلدى قورقۇمسىز ئۇ نەرە تارتىپ،
بۆرىلەر زەربىگە دۇچكەلدى شۇ ئان.
تاھىرغا خىرىس قىلدى بىر قېرى بۆرى،
يەرلەرنى تاتىلاپ توزغىتىپ تۇپراق.
ئۇنىڭغا غەزەپلىك ئېتىلدى يىگىت،
شىلتىگەن كالتىكى تەگمىدى بىراق.
دەل شۇ پەيت ياندىكى تاغ قاپتىلىدا،
يالتىراپ كۆمۈشتەك كۆرۈندى ئاق ئات.
ياپلاقنىڭ ئۈستىدە قوزغىتىپ شامال،

ئۇ ئۇچۇپ كېلەتتى قاقىقاندەك قانات.
بۆرىلەر توپىغا كىردى ئۇ بۆسۈپ،
ۋە قېرى بۆرىگە تاشلاندى سالما.
بېشىدىن كالتەك يەپ يىقىلدى بـۆرى،
تاھىرمۇ ئېتىلىپ ئۆتكەندە ئالغا.
بۆرىلەر قېچىشتى داجىپ كەينىگە،
ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ۋەھشى خىقىراپ.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايلاندى ئاق ئات،
سالما چۆشۈپ تۇردى ئەپچىل پىقىراپ.
مىسالى ئېلىشتى بۆرى ۋە يولۋاس،
جىلغىغا تىقىلدى ئۈركىگەن پادا.
زۆھرە قىز گۇۋاھى بولدى بۇ جەڭنىڭ،
كىيىكى تىترەيتتـى ئۇنىڭ باغرىدا.
ئاق ئاتلىق ئىجاتكار ئات باقار ئىدى،
ئۇ قاچقان بۆرىلەرنى قوغلايتتـى ھەدەپ.
زۆھرە قىز بوۋايغا بولدى مىننەتدار،
بىزنى ۋە كىيىكنى قـۇتقۇزدىـڭىز دەپ.
ياشلارغا بۇرۇلۇپ قېرى ئات باقار،
بىلدۈردى سەمىمى يۈرەك سۆزىنى!
دېدى ئۇ، يايلاقنىڭ تەمسىلى شۇنداق،
قوي باقساڭ ئۇنتۇما ياۋۇز بۆرىنى!
سىلەرنى كۆرۈپ مەن كۆپ خوشال بولدۇم،
چىرايلىق ئۆتۈڭلار ياخشى بالىلىرىم.
بوراندىن ساقلاڭلار قويلىرىڭلارنى،
ھۇشيارراق بولۇڭلار بۆرىدىن دائىم.
بىلىڭلار، قارا خان ـ ـ ئاپەتلىك بـەندە،
بۆرىدىن ياۋۇزراق بىزنىڭ خـانىمىز.
بۇ زامان زورلىرى بولمىسا ئىدى،
نۇرلۇقراق بولاتتى ئەل ـ ماكانىمىز.
يىگىت ـ قىز بوۋايغا سېلىشتى قـۇلاق،
قەلبىدە قايىللىق ۋە ھۆرمەت ھىسـى.
سۆيگۈ تارىخىدا باشلاندى شۇنداق،
ياشلىقنىڭ بىر گۈزەل مۇقەددىمىسى.

**3 . قان بىلەن بويالغان تۆمۈر دەرۋازا**

قۇللارنىڭ قەلبىدە يالقۇنلايدۇ ئوت،
سوكوتـكـى تاش كەبى ئېغىر زىيادە.
تۆمۈر دەرۋازىدىكى قان ۋە كۆز يېشى،
ئابباسنىڭ زۇلمىنـى قىلار ئىپادە.
ھەشەمەت بېزەلگەن سارىيى ئۇنىڭ،
يېيىلغان تەڭگىلىك يىلپىز تېرىسى.
تاملارغا ئېسىلغان قىلىچ ۋە ئوقيا،
سۇپىدا ئۇيغۇرنىڭ گۈللۈك كېگىزى.
قونداقتا ئاچ قالغان بوركوتى شۇ دەم،
ئۇن بېرىپ چوقۇلايدۇ تىرىك ئوغلاقنى.
دېدەكلەر ئوغلاقنى تۇرار كۆتىرىپ،
توزغىغان يۇڭ ـ تىۋىت قاپلار ھەر ياقنى.
ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ تۇرار قارا خان،
تۇمشۇغى قان بولغان بوركوتكە قاراپ.
ھىجىيىپ ئۇ بىرىدىن دېدەكلىرىگە،
كەيپى چاغ بىر ھالدا بۇيرۇدى كاۋاپ.
قارا خان سۆلەتتە قېلىشماس خاندىن،
كەم يېرى يوق ئۇنىڭ پەقەت تاجىلا.
سارايدا دېدەكلەر پىشۇرار كـاۋاپ،
گۆش ھىدى ۋە تۈتۈن ھەر يان تارقىلار.
كاۋاپقا تۇتۇنغان ئـاببااسخان شـۇ دەم،
قارا خان تەلمۈرەر دېدەك قولىغا.
ۋە ھايىز سادىسىز قارايدۇ ئاستا،
تەۋرەنگەن كۆكۈشرەڭ ئوت يالقۇنىغا.
شاتلىقتىن دىرەك يوق بـۇ جەم بولۇشتا،
ھايىزنىڭ قەلبىدە قارا قايغۇلار.
غەم قىلار خارابە دېھقانچىلىقتىن،
ئۇنى ئازاپلايدۇ قىينالغان قـۇلـلار.
ئۈچ مىڭلاپ ئادەمنى توپلاپ ئالدى خان،

ۋە يىغدى ئەلدىكى تۆمۈر - تەسەكنى.
تاش قورال دەۋرىگە ياندى كىشىلەر،
ئىشلەتتى نائىلاج قاپاق - تەشتەكنى.
شۇ زامان ئىجادى بەلكى تونۇرلار،
ئىشلىنىپ كەلمەكتە ئەسىرلەر سىرى.
خەلقنى بۇ كۈندىن قۇتقۇزالمىدى،
بۇ ئۇستاز ئاتىنىڭ توغرا سۆزلىرى.
كىشىلەر تاش بىلەن چىقىراتتى ئوت،
كۆردى ئۇ خارۇ - زار ئەلنى ئارىلاپ.
قامچىلار ئاستىدا بولاتتى ئەمگەك،
ساناقسىز كىشىلەر چېكەتتى ئازاپ.
كۆردى ئۇ ھاياتنى ئۆز كۆزى بىلەن،
تاغ تېشىپ، سۇ كېچىپ، سەپەر ئارقىلىق.
ئادەملەر چىرايى بەك غېرىپ ئىدى،
يامرايتتى كېسەللىك ۋە ئاچارچىلىق.
مۇڭ ئىدى كۆرگىنى، ئاڭلىغانلىرى،
ئۇ خىتاپ ئەيلىدى دەرياغا قاراپ:
ئاباباس خان سەن ياۋۇز جاھىل بىر خاقان،
قارا خان ۋەزىرىڭ بەت نىيەت، كاززاپ.
ئېتىزلار ئاق قالدى،
ھېسابلاشمىدىڭ،
پۇقرانىڭ تەقدىرى، ئىستىكى بىلەن.
چاتىغىڭ بولمىدى تۆمۈر قورال دەپ،
خەلقنىڭ ئۆلۈكى - تىرىكى بىلەن.
ئۇ چوڭقۇر خىيالدىن ئويغانغىنىدا،
قارا خان قىزىشىپ سۆزلەيتتى ھەدەپ.
ماختايتتى ئوخشىتىپ خاننى قۇياشقا،
سۆكەتتى ھاپىزنى ئىش بىلمەيدۇ دەپ.
ئۇستازنىڭ قەلبىنى كۆيدۈردى بىر ئوت،
ئۇ سۆزگە كىرىشتى ئېغىر بىر دەرتتە:
دېھقانغا يەر تېرىش پۇرسىتى بېرىلىك!
خەلقتە بار بولسا، بولار دۆلەتتە.

ئاباباس خان كۆز تىكىپ ئالايدى ئاڭا،
ۋە تەپتى قارا خان سۆزنىڭ بېلىگە:
دۆلەتنىڭ ئىشلىرى ئۆز يولى بىلەن،
خاقاننىڭ ھاجىتى چۈشمەس سىلىگە!
ماختاشلار ئالدىدا بولدى جىنايەت،
ئاق كۆڭۈل ھاپىزنىڭ ياخشى نىيىتى.
بولسىمۇ دەر غەزەپ ئاباباس خان ئاڭا،
ئۆلتۈرمەي قويۇشنى بىلدى ھىممىتى.
زەربە يەپ يەڭ ئارا پىنھان پىچاقتىن،
توغرا سۆز بۇ ئۇستاز ھىس قىلدى ئازار.
قارا خان شات بولۇپ كۈلدى قاھقاھلاپ،
كۈلكىدە، زەھىرى ئەيلەندى ئىزھار.
قورۇلنىڭ ئىشىنى باشلاش ئۈچۈن خان،
مەيلىچە قول سالدى ھاكىمىيەتكە.
خالىغان ئىشىمدىن توساشمىسۇن دەپ،
قابىل كىشىلەرنى ھەيدىدى چەتكە.
جىلغىنى قاپلىغان ئەمگەك شاۋقۇنى،
بۇ شاۋقۇن تىنىمىدى تۈندە ۋە تاڭدا.
دەرۋازىغا قېقىلدى يۈزمىڭ تۆمۈر مىخ،
بويالدى دەرۋازا قىپ-قىزىل قاندا.
دەرۋازا توسىدۇ تاغ جىلغىسىنى،
بۇ بۈيۈك كەشپىتىن زوقلاندى خاقان.
ئادەملەر ئۆلۈشتى ئېغىر ھاشاردا،
ۋە تىرىك قالغانلار بولدى يېرىم جان.
يېڭىمدىن تۇتۇلغان كىشىلەر توپىدا،
تاھىرمۇ كېلەتتى تىكلەپ قەددىنى.
بۇ توپتا بار ئىدى زۆھرە قىز گۈزەل،
چىرايى ھەيرەتكە سالغان ھەممىنى.
قاراخان كۆز سالدى ئۇلارغا دەرھال،
كۆڭلىدە ئۆمىلەپ قوزغالدى يىلان.
سورىدى ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى،
تۇغۇلۇپ ئۇنىڭدا زەھەرلىك پىلان.

مولۇندا چۆجىگە خەيرىخاھلىق يوق،
ھوقۇشنىڭ ئاۋازى شۇملۇقتىن دېرەك.
قاراخان يېقىنلاپ كەلدى ئۇلارغا،
قان تولغان كۆزىدە يامان بىر ئىستەك.
زۆھرەنىڭ قولىغا ئېسىلدى دەرھال،
شولگىيىنى ئېقىتىپ ئۇ ئېغىزىدىن.
زۆھرە قىز يىرگىنىپ سىلكىدى ئۇنى،
تاھىرمۇ زۆھرەگە يانداشتى بىردىن.
قاراخان يالغاندىن ھىجىيىپ دىدى:
«سىلەرنى مەن ئۆزەم قويىمەن ئىشقا!»
تاھىرنى ئەۋەتتى ئۇ كۆنچىلىككە،
زۆھرەنى قالدۇردى كالا سېغىشقا.
كۈن بويى كۆپ قېتىم تېپىپ باھانە،
قاراخان زۆھرەنى قالدى چۆگىلەپ.
ماختىدى: ئىسمىڭىز يۇلتۇز ئىسمىكەن،
ئۆزىڭىز يۇلتۇزدىن كۆرە گوزەل دەپ.
ئالدىدى: گېپىمگە سالسىڭىز قۇلاق،
ئەتە مەن ئاپىراي سىزنى خاقانغا.
ئۇ گوزەل لىباسقا ئورايدۇ سىزنى،

قاراخان ۋاقىراپ تاشلىدى بىردىن.
قىز چۇقان كۆتەردى بار ئاۋاز بىلەن،
كىشىلەر ئويغاندى ۋە كەتتى تەۋرەپ.
ئېغىلدىن غىپپىدە قاچتى قاراخان،
ۋە خانغا دۇچ كېلىپ قالدى تەمتىرەپ.
ھاپىزمۇ ئۆيىدىن چىقتى تورىغا،
قورادا كۆردى ئۇ قاچقان قارىنى.
ئايلاندى تەكشۈرۈپ،
دۇچكەلدى قىزغا،
قىز يىغلاپ ئەيلىدى ئۆز ئىزھارىنى.
غەزەپتىن كۆزلىرى چاقنىدى ئۇنىڭ،
تىللىدى: ھاياسىز ئىتتۇر قاراخان.
كېلىدۇ قولىدىن ھەممە يامانلىق،
بىرنىجىس ئامبالكى مىسالى ھايۋان.
— مۇنداق قىز يوق ئىدى سارىيىمىزدا،
دىدى خان زۆھرەگە ئاغدۇرۇپ نەزەر.
چۈشتى ئۇ شۇندىن باشلاپ قىزنىڭ پېيىگە،
بىراق ئۇ ھاپىزدىن ئەيلەيتتى ھەزەر.
يۈز بەرسە ئىنساندا ھايۋان تەبىئىتى،

سىز مەشھۇر بولىسىز بەلكى زامانغا!
زۆھرە قىز تېرىكتى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
جىسمىدا يۈز بەردى غەزەپلىك ھالەت.
قانداقچە مۇمكىن بۇ، تۇرسا تاھىرى،
ھىس قىلدى ئۇ چەكسىز خورلۇق، ھاقارەت.
ئەتىسى شام پەيتى ئەل تىنجىغاندا،
قاراخان يوشۇرۇن كىردى ئېغىلغا.
ئۇنىڭ يات كۆلەڭگىسى قالدى قىمىرلاپ،
زۆھرە قىز ئۆزىنى ئالدى دالدىغا.
زۆھرە قىز ئىرغىغان يولۋاس مىسالى،
تۇيۇقسىز ھوجۇمغا چىقتى دالدىدىن.
چاچتى قاراخانغا بىر چىلەك سوتنى،

بولىدۇ ھايۋاندىن قورقۇنچلۇقراق.
ئاتىباستىن ۋەھىمە قىلاتتى ھاپىز،
ئويلايتتى، لازىمدۇر قىزنى قۇتقۇزماق.
بىلەتتى، بۇزۇلغان خاننىڭ نىيىتى،
زۆھرە قىز دۇچكەلدى يامان بىر ھالغا
ئاخىرى خۇپيانە جىكىلىدى ئۇ،
ئۇلارنى قاچۇرغىن دەپ ئاتباقارغا.
كۈن تاققا ئولتۇرۇپ ئاي كۆرۈنگەندە،
زارلار قىز: نەدىسىز تاھىرىم مېنىڭ؟
تەلمۈرۈپ شەپەققە پىچىرلار تاھىر:
ئاھ زۆھرە، نەدىدىدۇر تۇرارىڭ سېنىڭ؟
توسالماس سۆيگۈنى قورا تاملىرى،

ئاتباقار ئاردا يەتكۈزدى خەۋەر.
قېچىڭلار دېدى ئۇ خان ئوردىسىدىن،
ئۇندىدۇر جىنايەت ۋە خېيىم-خەتەر.
ئۇ جىرا ئىچىدىن تېپىپ بەردى يول،
قەلبىدە ياشلارغا ئاتىلىق ھىسى.
قېچىڭلار! دېدى ئۇ مۇشۇ يول بىلەن،
سىلەرگە پانادۇر تۈن قاراڭغۇسى.
يېتەر مۇرادىغا تىز پۈكمىگەنلەر،
قېچىڭلار، يۈرەكلىك بېرىڭلار ئالغا.
تاڭ يورۇپ، تۈن كىچە پارچىلانغاندا،
مەن بۇندا سىلەرگە قىلىمەن دۇئا...

## 4. كۆنچى دەرياسى يىغلاپ ئاقىدۇ...

دەريادا خەلقىنىڭ نىدا شاۋقۇنى،
دولقۇنلار كۈن-تۈنى ئاقىدۇ يىغلاپ.
ئاشىقلار تۇتقىنىدىن قاچتى بىر كېچە،
تىك تاشلار يوللارنى تۇرىدۇ توراپ.
ئۈمىت بار تىز پۈكمەس ئىزلەنگۈچىدە،
ئىسيانىدىن گۈزەل نۇر تۇرىدۇ چاقناپ.
قاچماقتا تۈن ئارا تاھىر ۋە زۆھرە،
قىيالار باغرىدا،
دەريا ياقىلاپ.
قارا تۈن دۇنيانى ئىلكىگە ئالغان،
يول سوقماق، چاتقاللار قاپلىغان ئۇنى.
يول چوڭقۇر ھاڭلارنى ئەگىپ ئۆتىدۇ،
ئارقىدا شاقىرايدۇ دەريا دولقۇنى.
قول تۇتۇپ ئىلگىرىلەپ بارىدۇ ياشلار،
يول ئىزلەپ توختايدۇ تاغلار ئالدىدا.
ئايغى ئاستىدىن دومىلاپ تاشلار،
زور سادا قوزغايدۇ چوڭقۇر جىلغىدا.
خەتەرلەر پىنھاندۇر تۈن زۇلمىتىدە،
كۆلەڭگۈ تاشلىغان بۈيۈك قىيالار.

قاچقۇنلار ئۆتمەكتە خادا تاشلاردىن،
بۇندا كىيىكلەرمۇ تەمتىرەپ قالار.
ئېگەلىمەس بوينىنى جەۋرۇ-جاپالار،
ئىجاتقا ئىنتىلگەن قەھرىمانلارنىڭ.
قاچقۇنلار ئۆتمەكتە دەسسەپ جىسمىنى،
قاتمۇ-قات ۋە ئەگىم جىلغا-تاغلارنىڭ.
بۇلۇتلار قاپلىدى تۈن ئاسمىنىغا،
تۈن كېچە يۇلتۇزنى پىنھان ئېتىدۇ.
دۇنيانىڭ يوللىرى خەۋپلىك شۇنچە،
ئاشىقلار بۇ يولنى دەسسەپ ئۆتىدۇ.
ئۆتەر يول كۆرۈنمەس قاراڭغۇلۇقتا،
ياش يىگىت نائىلاج تاشلىدى مارجان.
مارجانلار يالتىراپ روشەن نۇر چاچتى،
ئىلاھىي نۇرلاردىن يورىدى ھەريان.
ئىسيانكار بولمايدۇ تەقدىر ئىلكىدە،
زۇلمەتتۇر نۇرلارنى يۇتار رەھىمسىز.
خەتەرلىك باش ئەگىم قاپتاللىرىدا،
تاھىرغا ئەگىشىپ يول يۈرمەكتە قىز.
بىر مارجان يورۇتار بىر مەنزىل يولنى،
نۇرىدىن ئەتراپلار كۆرۈنەر ئۇزاق.
پاك مەسۇم سۆيگۈنىڭ ئۇن ئۈچ مارجىنى،
چوڭقۇر جىلغىلارنى يورۇتتى ئاپپاق.
بۆرىلەر ئويغاندى نۇردىن ئۈركۈشۈپ،
ھۇۋلىشىپ تارقاتتى ۋەھشى بىر سادا.
مارجانلار نۇر چاچتى كەينى-كەينىدىن،
ۋە زۇلمەت تىقىلدى ئۆڭكۈرلەر ئارا.
ھاڭلارغا يامىشىپ، تاغلاردىن ئۆتۈپ،
كېلىشتى دەريانى بوققان تۇسمىغا.
ئاشىقلار قەلبىدە ياندى بىر قىساس،
تىكىلدى كۆل بولۇپ ياتقان كەڭ سۇغا.
دېيىشتى: تۇسمىنى بۇزۇپ قاچايلى،
بۇ سۇلار زېمىنغا بېغىشلىسۇن جان.

سۇلاشقان گىيالار كۆكەرسۇن يەنە،
بۇلبۇللار سايرىسۇن ياشناپ گۈلىستان.
گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلدى چوڭ قورام تاشلار،
كۈچ بىلەن بۇزۇلدى توسما قاشلىرى.
قامالدىن قۇتۇلدى بۇ تۇتقۇن دەريا،
تاغلارنى قاپلىدى شاقىراشلىرى.
ياڭرىدى دولقۇنىنىڭ ئەكس ساداسى،
دولقۇن قاھ-قاھىدا ئاچچىق مەسخىرە.
قاراخان سارايدا قالدى تىپچەكلەپ،
لەدكەرلەر ئويغاندى ھودۇقۇش ئىچرە.
قاراخان سەكرەيتتى، ئەسلىتىپ ھالى—
تاياق يەپ گاڭگىراپ قالغان ئىتلارنى.
تاھىرغا يۆلۈنۈپ يول يۈرگەچ زۆھرە،
ئەسلەيتتى سارايدا بولغان ئىشلارنى.
قاراخان كۆرۈندى كۆزىگە ئۇنىڭ،
ئەسلىدى ئۇياتسىز، رەزىل سۆزىنى.
قارايتتى ئۇنىڭغا قېرى تاجدار،
بۆرىنىڭ كۆزىدەك قىلىپ كۆزىنى.
قارايتتى ھاياسىز بىر نەزەر بىلەن،

ئانىنىڭ تەلىمى بولۇپ ئېسىدە،
ساقلىدى مۇقەددەس ئىپپىتىنى ئۇ.
ئويلار قىز تاھىرغا سۆيۈنۈپ ماڭغاچ،
قەلبىدە ئىللىق ھىس، سۆيگۈ، ھاياجان.
بۇلاقتەك سىزۇك ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت،
بېغىشلار ئۇلارغا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە جان.
سوغ ھاۋا قاپلىدى تۈن ئاسمىنىنى،
كۈچەيدى تاغ ئارا ئۇچقان شاماللار.
ئاشقىلاپ تۈگەتتى سوقماق يوللارنى،
ئېچىلىپ ئالدىدا كەڭرى چاتقاللار.
ئېغىر بىر ئۇيقۇدا قاراڭغۇ كېچە،
بۇلۇت ۋە تۇمانلار قالدى ئارقىدا.
ئۇزاقتا شاقىراپ ئاقىدۇ دەريا،
ئوتۇنلۇق كۆرۈندى ئۇلار ئالدىدا.
زۆھرەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ياش يىگىت،
ئىگىز بىر قاپتالدىن چۈشتى سىرىلىپ.
تاشلارغا ئېلىنىپ يىرتىلدى كىيىمى،
قولىنىڭ تېرىسى كەتتى تىتىلىپ.
چاچرىغان قانلارغا باقتى-دە زۆھرە،

كۆرۈنۈپ ساقاللىق خۇنۇك چىرايى.
مەسۇم قىز ئەسلەركەن بۇ ۋەھشىلەرنى،
غەزەپتىن تىترىدى پۈتۈن ئەزايى.
قاراخان ئېغىلغا كىرگەن ئاخشىمى،
ئۇ ئېغىل تازىلاپ يۈرگەن مۇڭ بىلەن.
بورىدەك ئېتىلىپ كەلگەن ۋەزىرنىڭ،
يۈزىگە سالدى ئۇ ياغاچ تۇك بىلەن.
ۋەزىرنىڭ ھايۋانى چەيلەشلىرىدىن،
ھاپىزلا ساقلىدى بۇ پاك چېچەكنى.
ئاتىدىن بەك بۇرۇن يېتىم قالغان قىز،
ئاسرىدى تاھىرغا بولغان ئىستەكنى.
قارشىلىق كۆرسەتتى باتۇرلۇق بىلەن،
مات قىلدى ئۇردىنىڭ بۇ ئىتىنى ئۇ.

ياشلاندى كۆزلىرى ئۇنىڭ لىققىدە.
چاچلىرى ئاقاردى تۈن قىروسىدىن،
تاھىرغا ئېچىندى ئۇ يۈرىكىدە.
چارچىغان يارىنى ئالسۇن ئارام دەپ،
ياش يىگىت ئاۋايلاپ باغرىغا ئالدى.
دېدى ئۇ: قىينالدىڭ، ئال بىر پەس ئارام،
ئۇخلىۋال ئازغىنا، تاڭ يېقىن قالدى.
ئۇ قىزنى سوغاقتىن قىلدى ھىمايە،
ۋە زۆھرە كۆز يۇمۇپ ئالدى ئازغىنا.
قىز تاتلىق ئۇخلىغان قىسقا بىر پەيتتە،
چۈش كۆردى،
چۈشىدە كۆرۈندى ئانا.
دەريانىڭ بويىدا ئولتۇرار ئانا،

تاغ سۈيى ئاقىدۇ دەرياغا تولۇپ.
قىز ئاڭا خىيالچان سالىدۇ قۇلاق،
ئانا سۆزلىمەكتە ھايات توغرۇلۇق.
ئۇ دەيدۇ، ئادەمنى يەيدۇ بۆرىلەر،
ۋە يەنە ئادەمنى يەيدۇ ئادەممۇ.
بۆرىنىڭ، ئادەمنىڭ ئېتىلىشىغا،
ياشلىق چاغلىرىدا دۇچ كەلگەن مەنمۇ...
قىزلارنى كىيىكتەك ئوۋلايدۇ ئۇلار،
سەن قىزىم ئۆزەڭنى پاك ساقلا غايەت.
ئادەملەر رەھىمسىز، دۇنيا گۇناھلىق.
ئاجىزلىق كەلتۈرەر بالا ۋە ئاپەت.
ئېيپەتتۇر قىز ئۈچۈن كۆزنىڭ گۆھىرى،
نام-نىشان، ئار-نومۇس چىنىدىن-قىممەت،
زوراۋان ئالدىدا ئەگمە بېشىڭنى،
پاكلىقتۇر روھىڭغا بەرگۇسى زىننەت.
يورۇقلۇق ۋە نۇرغا ئاتا ئۆزەڭنى،
قۇياشتەك ياشنىسۇن ياشلىق جامالىڭ.
روھىڭنى، جىسمىڭنى خار قىلما قىزىم،
قەھرىمان يىگىتكە ئەيلە ئىزھارىڭ.
مەن ئۇزاق تونلەرنى كەچۈرگەچ باشتىن،
زۆھرە دەپ ئات قويدۇم سەن تۇغۇلغاندا.
خەۋەرچى يۇلتۇزى سەن سوزۇك تاڭنىڭ،
مەن سېنى كۆرىمەن تاڭ يورىغاندا.
زۆھرەدۇر ئاسماندا يورۇق چاچقۇچى،
زېمىندا نۇر بىلەن ھايات ھەممە ياق.
مۇبارەك ئېتىڭنى ئالسام تىلىمغا،
كۆڭلۇممۇ تاڭ كەبى يورۇيدۇ ئاپئاق.
ئۆمرۇڭنى ئۆتكۈزگىن ئاق قاش تېشىدەك،
ئالدامچى ئىنسانغا بەرمە سىرىڭنى.
دۇچ كەلسەڭ سەممىي، سادىق يىگىتكە،
سوغا قىل ئىلاھى مارجانلىرىڭنى......
تاھىرنى كۆردى قىز يەنە چۈشىدە،
ئىككىمىسى قۇش بولۇپ ئۇچارمىش كۆكتە.
ئۇچارمىش جانىجان يۇرتىغا قاراپ،
بولۇت ۋە تاغلاردىن بولۇپ يۈكسەكتە.
يۇرتىغا كەپتۇمىش...
ياپ - يېشىل يايلاق،
يايلاقتا ئوتلارمىش بولۇتتەك پادا...
زۆھرەنى ئويغاتتى تاڭنىڭ شامىلى،
بالقىدى سۇبھىدىنىڭ نۇرى يىراقتا.

### 5. ئاھ، سەن يۇرت! ھاياتىنىڭ ئەللىق بۆشۈكى

ئۇيۇقلار قىزاردى گويا ئانىنىڭ —
يىغىدىن قىزارغان كۆزىدەك بولۇپ.
يۇرتىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ياشلار،
دىللىرى سۆيۈندى شاتلىققا تولۇپ.
ئاھ، سەن، يۇرت، ھاياتىنىڭ ئەللىق بۆشۈكى
قەدىردان جامالىڭ يۈرەككە يېقىن.
ئاڭلانسا پاداڭنىڭ مۆرەشلىرىمۇ،
مۇھەببەت دىللاردا ياسايدۇ ئېقىن.
ئاشىقلار مېڭىشتى ئېھتىيات بىلەن،
ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاغ ئاراشىلىرىدىن.
ئېھتىيات ئەيلىدى ئويلىنىپ تاھىر،
ياۋۇز قاراخاننىڭ قوغلاشلىرىدىن.
خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلىنار ئىدى،
ئورماندىن كېلەتتى تونۇش پۇراقلار.
قاچقۇنلار تەلپۈندى، تەلپۈنەر شۇنداق،
ئانىنىڭ ھىدىنى ئالغان بوۋاقلار.
زۆھرەنى ئارامغا ئوندىدى تاھىر،
ئارام ئال يۇلتۇزۇم، ئۇخلىۋال ئازراق.
چارچىغان قۇشلارمۇ ئالار ئۇخلىۋېپ،
مانا، كۆز ئالدىمىزدا سۆيۈملۈك تۇپراق.
توگەتتى ئۇيقۇ يول ھارغىنلىقىنى،

ئويغاندى ئۇيقۇدىن زۆھرە نىھايەت.
ئۇ يەردە تىزلىنىپ، يۇرتىغا قاراپ،
تىنىچ بىر كۈن ئۈچۈن قىلدى ئىبادەت.
قىز ئاستا قوزغىلىپ تۇردى ئورنىدىن،
ۋە تېرە پىنجىكىگە ئالدى يۆگۈنۈپ.
چېچىنى ئوينىدى سەھەر شامىلى،
قىشلاققا مېڭىشتى ئاشىقلار كۈلۈپ.
بەس - بەستە سايرايتتى ئويغانغان قۇشلار،
ۋە چىپار كېپىنەكمۇ سەكرەر ئوتلاقتا.
ئىدى يۇرت بالىلار چۈشىدەك گۈزەل،
تاغلار پارقىرايتتى يېقىن - يىراقتا.
يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدىن ئېلىشتى نەپەس،
ئۇلارنى شېرىن ھېس ئىلكىگە ئالدى.
ئىچكەندە يۇرتىنىڭ سۈيىدىن قېنىپ،
يولنىڭ ئازاۋىمۇ بىردىن يوقالدى.
بۇ ماكان تەڭرىنىڭ جەننىتى ئەمەس،
پەقەت كەڭ ۋادىلار، تاغلار، ئوتلاقلار.
ئۇندىدۇر قۇم دېڭىزى، پايانسىز چۆللەر،
ۋە ئادى، قەدىمىي يېزا - قىشلاقلار.
تۇرىدۇ قامەتلىك سۇۋادانلىرى،
نەيزىلىك لەشكەردەك تىكلەپ قەددىنى.
بورانلار ئۇچىدۇ بۇ جايدا بەزەن،
قۇم بىلەن تۇپراققا كۆمۈپ ھەممىنى.
تالىنىپ تۇرىدۇ بۇندا خەلقنىڭ،
ئۆيلىرى، مال - مۈلكى، سەرەمجانلىرى.
پۇقرانىڭ بېشىدا ياغاق چاقىدۇ،
ئاباس خان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى.
تۇتىشىپ تۇرىدۇ قارشىلىق ئوتى،
خان بېسىپ كەلسىمۇ لەشكىرى بىلەن.
ياشايدۇ بۇ جايدا بىتەلەي خەلق،
ئېلىشىپ كۈلپەتلىك تەقدىرى بىلەن.
بالا ۋە ئاپەتلەر سۇندۇرالمىغان،

ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىرادىسىنى.
ياۋايى تەبىئەت يوقىتالمىغان،
يۇرتىغا باغلانغان سۆيگۈ ھېسسىنى.
يېيىلىپ ياتىدۇ بۇندا كەڭلىكلەر،
مەنزىلدىن - مەنزىلگە باغلايدۇ يوللار،
يول مېڭىپ پۇتلىرى كەتسىمۇ قاناپ،
ئۆز يۇرتى، ھەرگىزمۇ ئاغرىنماس ئۇلار.
ئىبادەت قىلىشار ئايغا، قۇياشقا،
بەخت تىلەپ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ئۈچۈن.
زۆھرەنى بىلىدۇ قەلب يۇلتۇزى،
ئىبادەت قىلىدۇ يۇلتۇزى ئۈچۈن.
كەلمەكتە سەھرانىڭ بۇ گۈزەل قىزى،
چولپاندەك نۇر چېچىپ ئانا يۇرتىغا.
كەلمەكتە تاغ يۈرەك يىگىتى تاھىر،
تەلپۈنۈپ يارىنىڭ ئىشقى ئوتىغا.
مېھرىۋان ئانىجان ئاچ قۇچىقىڭنى،
تۇتقۇندىن قۇتۇلغان بالىلىرىڭ كەلدى.
يېقىلدى ئالدىڭغا ۋىسال پەيتىدە،
يۈرەكتىن سېغىنغان جانلىرىڭ كەلدى.
كۆرۈپ ئال ئۇلارنى ئۇزاق تەلمۈرۈپ،
ۋە تۇرقى - ھالىغا سالغىن سەن نەزەر.
ئۇلارغا تىكىلدى ياشانغان ئانا،
ياشلىرى تۆكۈلدى يامغۇردىن بەتتەر.
پۇخرانىڭ بايلىقى كۆز ياشلىرىمۇ؟!
خۇداسى ئۇلارغا بولمامدۇ ئىگە؟!
تىرىشىپ - تىرمىشىسىمۇ بۇ بىچارىلەر،
ھېچنېمە بېرەلمەس پەرزەنتلىرىگە.
يۇرتداشلار ئالدىغا چىقتى ئۇلارنىڭ،
ئاتىمۇ كۆرۈندى يۇرتداشلار ئارا.
ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى،
يۈزىدە قورۇقلار تالا ۋە تالا.
تاھىر ئاتىسىغا تەلمۈرۈپ شۇدەم،
ھۆرمەتتە ئېچىنغان بىر ھالدا باقتى،

چۆرىدەپ ئېلىشتى زۆھرەنى قىزلار،
يىگىتلەر تاھىرنى چىڭ قوچاقلاشتى.
يۇرتداشلار سەممى، قىزغىن شۇنچىلىك،
ياشلاردىن ھال سوراپ كەلدى ھەربىرى.
ھىسداشلىق قىلىشتى بولۇپ مىسالى—
مايسىنى ياشناتقان باھار يامغۇرى.
ھاردۇغى چىقىدۇ ھالسىز قاچقۇنىنىڭ،
سەزگەندە يۇرتىنىڭ چىپىي تەمىنى.
يىگەندە مىزدىلىك، ئىسسىق نېنىدىن،
ھېس قىلار تېخىمۇ يۇرتىنىڭ قەدىرىنى.
كۆيۈمچان دوستلىرى قۇچاقلىغاندا،
زۆھرەنىڭ كۆزىدە پەيدا بولدى نۇر.
يارانلار ئىچىدە قۇدرەت ھىس قىلىپ،
شات بولدى، يايرىدى تاھىر بەھوزۇر.
يىگىتلەر خاقاندىن قىلىشتى نەپرەت،
كۆرگەندە تاھىردا قامچا ئىزىنى.
دېيىشتى، ۋەزىرنى ئالسا نەيزىگە،
ئىتلارغا يەم قىلىپ بەرسە ئۆزىنى!
دېيىشتى، بۆرىدۇر ياۋۇز بىر ھايۋان،
خاقان ۋە ۋەزىرلەر ئۇنىدىن بەتتەرراق.
ئۇلارنىڭ ئىشتىيى تاپماس قانائەت،
ئۆزگىنى يېيىشكە، تالاشقا ئامراق.
كىشىنى شات ئەيلەر ۋىسال دەملىرى،
قايغۇغا سالىدۇ تۇيۇقسىز ھىجران.
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن قېرىلار دېدى:
شاتلىقتا ھەرقاچان قايغۇدۇر پىنھان.
ياشلارنى خەۋىپتىن ساقلىماق بولۇپ،
ئۇلار توي ئىشىنى ئۇنىت قىلىشتى.
ئەنسىرەپ كۆرۈنۈپ تورغان بالادىن،
تاھىر ۋە زۆھرەنى ئوراۋېلىشتى.
دېيىشتى: سىلەرنى جۇپلەپ قويايلى،
مۇراتقا يېتىشتە بۇ ياخشى ئامال.
تويلۇق، ھەشەمەتتىن ئىچىشمىدى سۆز،
بىر ئېغىز يېگى ئۆي ئاجراتتى دەرھال.
كەچ بىلەن ئۇلارنى قويدى ئەپكىرىپ،
ۋە تەقدىم ئەيلىدى ئۇلارغا ئۆينى.
سۆيۈملۈك زىمىننىڭ ئەزىز تۇپرىقى،
ئۆستۈرگەن بۇ گوزەل ۋە پاك سۆيگۈنى.
سۇ ئېلىپ كېلىشكەن ئۇلار يۇرتىغا،
توغانى قومۇرۇپ مىڭبىر بالادا.
ئاشىقلار قەلبىدەك دولقۇنلۇق بۇ سۇ،
شىقىراپ ئاقماقتا تونكى دالادا.
تۇپراقنىڭ ئاستىدا يۇمران يىلتىزلار،
سۇنىڭ ئاۋازىغا سالىدۇ قۇلاق.
ئىككىلەر شات بولۇپ چىقاردى بوغۇم،
ئېچىلغان غۇنچىلار چاچتى خۇش پۇراق.
ئۆي ئىچرە مۇڭدىشار تاھىر ۋە زۆھرە،
بىخى بار غۇنچىنى بولماس ئاجرىتىپ.
تۈگۈلۈكتىن سوزۇلغان ئاينىڭ شولىسى،
بەختىيار كۆزلەرنى تۇرار چاقنىتىپ.
ئاھ يۇرتۇم، ئۆستۈردۈڭ سەن ئادەملەرنى،
ئادەملەر بېرىدى سىنى مېھنەتتە.
سىنىڭ كەڭ ۋە مۇنبەت قۇچاقلىرىڭدا،
قىزغىنلىق يانىدۇ بىر ھارارەتتە.
مۇھەببەت يېگىدۇ بارچە كۆلپەتنى،
بىز سېنى ئاسرايمىز جېنىمىز بىرلە.
شۇ دەم قۇچاقلاشتى ئوغۇل ۋە قىزلىق،
ئۇلارنىڭ يۈرىكى تەپمەكتە بىللە.
بوگۇنى پارقىراپ تۇرغان ئاسمانى،
ئەتىسى قاپلايدۇ بۇلۇت ۋە تۇمان.
مۇبادا قاراخان كەلسە باستۇرۇپ،
پىدادۇر تاھىرنىڭ — شىر كەبى ئوغلان.

## ٦. ناغرا دۆڭدە دومباق ئاۋازى

تاغلارنى گومبورلەتتى دومباق ئاۋازى،
باشەگىم قەلئەسىدىن ئۇچتى ۋەھىمە.
مۆلدۈردەك موز بولدى خاننىڭ كۆزلىرى،
قورقۇشۇپ، تەمتىرەپ قېلىشتى ھەممە.
ئاچچىقلاپ يەرلەرنى تېپەتتى خاقان،
دىلىدا قاينايتتى غەزەپ ۋە ئوغا.
ئالمىساپ قارايتتى ھاپىزغا پات - پات،
نوقاتتى قاراخاننىڭ پېشانىسىغا.
قېچىپتۇ بويسۇنماس تاھىر ۋە زۆھرە،
سانسىز ھاشارچىغا سېلىپ غۇلغۇلا.
ھاقارەت كەلتۈرۈپ خاننىڭ ھۆكۈمىگە،
بوغۇلغان دەريانى بۇزۇپتۇ ئۇلار.
خاقاننىڭ ئاۋازى ئۆرلەنگەنسېرى،
قاراخان بېشىنى سالاتتى تۆۋەن.
ۋە ھاپىز تۇراتتى سوغاق سوكۇتتە،
ئۆرتىنىپ نەپرەتنىڭ يالقۇنى بىلەن.
ياشايتتى غەم بىلەن ئاق كۆكۆل ئۇستاز،
يۇقرانىڭ تەقدىرى قىينايتتى ئۇنى.
كۆيەتتى رەھىملىك دىلى ئازاپتا،
جىنايەت، شۇملۇقنى كۆرۈپ ھەر كونى.
ئۇ مەھكۇم خەلققە ئىچ ئاغرىتاتتى،
دۆلەتنى سۆيۈشنى بىلىپ پەزىلەت.
ئۇنىڭ ھۆر ۋە ئادىل پىكىرلىرىنى،
ئابباس خان قۇلاققا ئالمايتتى پەقەت.
تەۋسىيە قىلاتتى ئۇستاز شەپقەتنى،
بار ئىدى ئۇنىڭدا يوكسەك قاراشلار.
كومۇشرەڭ ساقىلى ساپ ئىدى شۇنچە،
كۆڭلىمۇ ساپ ئىدى ئايغا ئوخشاشلا.
ئۇ ھەۋەس قويمىغان ئىدى مولوككە،
يېنىدا يوق ئىدى ئۇنىڭ مالايلار.

قوزغايتتى ئۇنىڭدا نەپرەت، يىرگىنىش،
مالغا ۋە بىساتقا تويمىغان بايلار.
كۇتمىگەن قارشىلىق سېلىپ لەرزىگە،
يېرىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى خاقان.
ئۇ قورقماس ياشلارنىڭ قېچىش ئىشىنى،
ئاق كۆكۆل ھاپىزدىن قىلاتتى گۇمان.
ئىتتەرمەك بولاتتى ئاپەتنى ئاڭا،
ھىلىگەر قاراخان شۇ دەم ئويلۇنۇپ.
لېكىن ئۇ قورقاتتى، رەسۋالىقىنى —
شۇ ھاپىز كۆرگەنتى قورادا تۇرۇپ،
شۇ كونى ئېغىلدىن قېچىپ چىققاندا،
ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ بولغان پاي - پېتەك.
سەكرىگەن،
ھەسەلگە قول سوزغان چاغدا،
ھەردىلەر ئولاشقان ئوغرى ئېيىقتەك.
يېتەرلىك ھۆرمەتتە بولمىدىلا، دەپ،
سۆكتى خان،
ھاپىزنى ئەيىپلەپ ھەدەپ.
چاچتى قاراخانغا سەپرايىنى ئۇ،
دۆلەتنىڭ ئىشىدا كۆيۈنمىدىڭ دەپ.
ۋە دېدى: قاچقۇنلار قىلدى چوڭ گۇناھ،
لازىمدۇر ئۇلارنى تۇتۇپ سولىماق.
جازاسىز قالمىسۇن بىرمۇ گۇناھكار،
پەرماندۇر خانلىقتا ئەزەلدىن شۇنداق.
بۇيرۇققا قول قويدى ئۇ پەلكۈچ بىلەن،
ناغرادۆڭ تەۋرەندى قارا بوراندىن.
دومباقلار چېلىندى،
قوزغالدى لەشكەر،
قاراخان ئاتلىنىپ چىقتى قورغاندىن.
تاغ ئارا ياڭرىدى ۋەھشى بىر چوقان،
ھاۋۇشقا باشلىدى ئىتلار ئوتلاقتا.
بۇ نامرات يۇرتلارنى باستى قورقۇنۇچ،

ئاھەملەر مۆكۈندى يېزا - قىشلاقتا.
بۇ سورەن- چۇقانەدىن ھېچ ياخشىلىق يوق،
ھاگلارغا مۆكۈندى تاغ قۇشلىرىمۇ.
ئاسمانىنى قاپلىدى، قارا بۇلۇتلار،
يوقالدى لاچىنىنىڭ ئۇچۇشلىرىمۇ.
ئۇمىتتۇر خۇدادىن تىلەنگەن تىلەك،
ئۇمۇتكە پانا يوق لېكىن تىلەكتىن.
تاھىرنىڭ ئاتىسى قىلىدۇ دۇئا،
ئوغلىغا ئامانلىق تىلەپ يورەكتىن.
ئۇمۇتسىز كۆنلەرگە قالغاندا ئىنسان،
يەنىلا ئۇمىتتە قىلار ئىبادەت.
زۆھرەنىڭ ئانىسى ئېغىر سوكۈتتە،
قىزىغا نىجاتتىن تىلەر ئىجازەت.
زۆھرەنى تۇتۇشتى كەلگەن لەشكەرلەر،
سېلىشتى بوينىغا ياغاچ قۇۋۇقنى،
لەشكەرلەر سېپىلگە ئېتىلدى تاھىر،
كۆرگەندە رەھىمسىز زۇلۇم - زورلۇقنى.
كۆتىرىپ كالتەكنى ئۇ غەزەپ بىلەن،
لەشكەرلەر ئىچىدە ئېلىشتى بىر پەس.
لەشكەرلەر كۆپ ئىدى،
يالغۇز قالدى ئۇ،
تۇتۇلدى،
باغلاندى شۇئان چەمبەر چەس.
لەشكەرلەر ساۋىشىپ قامچىلار بىلەن،
تاھىرنى نەچچە رەت ئۇرۇپ غۇلاتتى،
چىگىتتى باغلىغان تېرە شوينىنى،
بۇ شوينا تاھىرنىڭ جىسمىغا پاتتى.
كالا تېرىسىنى ئەيلەپ نەچچە رەت،
پۇخرالار ئىشلەيدۇ تېرە شوينىنى.
شوينىلار ئۆتكەندە خانىنىڭ قولىغا،
باغلايدۇ ئۇلارنىڭ قولى - بوينىنى.
قاراخان تاھىرغا باقتى تىكىلىپ،
ۋە زەھەر چاچرىتىپ كۈلدى قاھقاھلاپ.
ئۇ بۇيرۇق چۈشۈردى لەشكەرلىرىگە:
ھەيدەگلار تېخىمۇ مەھكەمرەك باغلاپ!
توپا - چاڭ كۆتىرىلدى تاغ يوللىرىدا،
پۇقرالار تىترىشىپ قېلىشتى غال - غال.
زۆھرەنىڭ ئانىسى كەلدى قوغلىشىپ،
قاراخان ئات سالدى ئانىغا دەرھال.
ئانا ئۇچۇپ كەتتى چوڭقۇر بىر ھاڭغا،
ئاھ، قىزىم زۆھرە! دەپ ئاچچىق چىقىراپ.
زۆھرەنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى،
يەر - زېمىن ئايلاندى شۇئان پىقىراپ.
قاراخان قايتىپ كەلدى چوڭ ئۇتۇق بىلەن،
ئابباسخان كېرىلىپ ماختىدى ئۇنى.
ۋە ئۇستاز بېشىنى سالدى دەرت بىلەن،
قەلبىدە قوزغالدى غەزەپ دولقۇنى.
ناغرا دۆڭ باغرىدا بوغۇق دۇمباقلار،
زەپەرنى تەبرىكلەپ ياڭرىدى شۇ ئان.
دۇنيادا شۇنداقمۇ زەپەر بولىدۇ،
لەشكەرلەر شات بولۇپ كۆتەردى چۇقان.
تاھىرنىڭ باغلانغان قولىغا چاپتى،
خان قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ.
كېسىلىپ يېشىلدى تېرە تاسمىلار،
ۋە تاھىر قانسىراپ چۈشتى يىقىلىپ.
خان ئۇنى كۆرسەتتى ھاشارچىلارغا:
— ھالى شۇكېمىدە - كىم كىرمەسە سۆزگە!
ئەكىرىپ قاماشتى ھۇشسىز تاھىرنى،
ئات - ھارۋا جاپدۇقى قويۇلغان ئۆيگە.
بوشىتىپ زۆھرەنى ياغاچ قۇۋۇقتىن،
قاراخان زەردىلىك ئالايدى ئاگا!
يېگىتكە ئەگىشىپ قاچامسەن يەنە؟
ئاز ئەلەم قىلمىدىڭ سەن گۈزەل ماڭا!
زۆھرەنى ئامبارغا قاماپ قويۇشتى،

تۇرمەدۇر بارچە ئۆي خان ئوردىسىدا.
ياگرايتتى زۆھرەنىڭ قۇلاق تۇۋىدە،
ئانىسى تارقاتقان ئاچچىق بىر سادا.
ئۆي باستى ئوردىنىڭ ئات باقارىنى،
بۇ ئاتا ئويلاندى ئەقىل - پەم بىلەن.
كۆرگەندە ياشلارنىڭ پاجىئەسىنى،
تورۇلدى قاشلىرى ئۇنىڭ غەم بىلەن.
ئائىلە، پەرزەنتتىن قىلىنىپ مەھرۇم،
ئۆتكەن ئۇ تەنھالىق ھاياتى بىلەن.
تاھىر ۋە زۆھرەنى تۇتقۇندىن بۇرەت،
قۇتقۇزماق بولدى ئۆز ۋاپاتى بىلەن.
كىرگەندە ئىپلىشقا ئات جابدۇقىنى،
تاھىرنىڭ قېنىنى سورتۇپ قويدى ئۇ.
ئامبارغا بوغۇزغا كىرگەندە، قىزغا —
مەن ئامال قىلاي دەپ كۈلۈپ قويدى ئۇ.
كوندۇزى ئات باقتى ئوتلاقلار ئارا،
ئويلاندى ئۇخلىماي ئۇ كېچىلىرى.
ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئاتا تەنھا،
يوق ئىدى ئايالى، ئوغۇل - قىزلىرى.
ئۇ تاھىر - زۆھرەگە تىلەكداش ئىدى،

ئۈچ قېتىم قاپلىدى قاراڭغۇ كېچە،
ئۈچ كۈننىڭ كەينىدىن ئۆتتى ئىككى كۈن،
ئاتباقار ئويلاندى ھامان تاڭغىچە.
كۆزەتتى ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىنى،
خەۋپلىك ئويىنى تۇتتى ئۇ پىنھان.
پىچاقتا تىكىلىپ پىچىرلىدى ئۇ:
نىجاتلىق بولمايدۇ، تۆكمىگۈچە قان!

## 7. قان تۆكۈش ۋە نىجاتلىق ئارا...

بۇلۇتلار قاپلىدى تۈن ئاسمىنىنى،
تولۇن ئاي ئۆزىنى ئالدى دالدىغا.
ئاتباقار پىچاقتا باقتى ئۈمىتلىك،
بىر يالقۇن تۇتاشتى ئۇنىڭ باغرىغا.
بۇ ئاتا بەزەن قوي بوغۇزلىغاندا،
چىدالماي ئالاتتى نەزەر ئاغدۇرۇپ.
ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئويلاركەن شۇ دەم،
يۈرىكى سالاتتى ئىگىز - پەس بولۇپ.
جىنايەت قاپلىغان خان ئوردىسىدا،
قىرىق يىل ئات باقتى ئاق كۆڭۈل بوۋاي.
دۇچكەلدى كۆپ قېتىم قامچىلاشلارغا،

كۆرەتتى ئۇلارنى ئۆز بالىلىرىدەك.
تونلىرى يوشۇرۇن بىلەيتى پىچاق،
ئويلايتتى: ئۇلارنى قۇتقۇزۇش كېرەك!
بۇ ياشلار قالمىسۇن ئازاپتا يەنە،
دەيتتى ئۇ ئولتۇرۇپ چىراق ئالدىدا.
ئۇنىڭ ئويلىرىغا جور بولار ئىدى،
بىلەنگەن پىچاقتىن چىققان زىل سادا،
ناغرادۈك ئۇستىدە ياڭرىغان دۇمباق،
ئەكەلمەس ئەل - يۇرتقا ھەرگىز ئاسانلىق،
خورازنىڭ تاڭدىكى چىللاشلىرىمۇ،
ئاڭلىشار قۇلاققا مۇڭ ۋە پىغانلىق.
ئۈچ قېتىم يوردى ئاسمان گۈمبىزى،

تۆكۈلگەن قانلارنى كۆردى ئۇ تالاي.
ئاتنىڭ ئەس - يادى بولدى كۈن - تۈنى،
ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەن ئىككى جان بىلەن.
ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ ئىپلىشى لازىم،
ئۇ پولات پىچاقنى بوياپ قان بىلەن.
خان ئۈچۈن توشقاننى بوغۇزلىغاندەك،
ئوڭايدۇر ياشلارنى قانغا بويىماق.
قاراخان ئۇلارنى دەسسەپ ئۆلتۈرەر،
چۆمۈلە ئۇستىگە قويغاندەك ئاياق.
بوندا يوق ئىنسانىي ئەقىل - ئىدىرەك،
ئادەمنى ئىتچىلىك كۆرمەيدۇ ئۇلار،
خىسلەتتى ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈك، ھىرىسى،

قايىنايدۇ كۆڭلىدە ۋەھشى تۈيغۇلار.
بوۋاي كولۇمسىرەر، قىلار ئىپتىخار،
يۈكسەك ئىش ياشلارنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزماق.
باتۇرلۇق بولىدۇ نىيەت يولىدا،
ياۋۇزلار قەلبىگە بىر پىچاق ئۇرماق.
قۇملارنى ئۇچۇرۇپ گۈكىرەر بوران،
كۆكەرگەن يايلاقنا كەلتۈرۈپ كۈلپەت.
لاپاسنىڭ ئاستىدا ئايلىنىپ ئاتا،
ئەتراپنى كۆرسىتىپ كۈتىدۇ پۇرسەت.
ئۈچ قېتىم يۈردى ئاسمان گۈمبىزى،
ئۈچ قېتىم قاپلىدى قاراڭغۇ كېچە.
ئۈچ كۈننىڭ كەينىدىن ئۆتتى ئىككى كۈن،
ئاتباقار ئايلاندى ھامان تاڭغىچە.
كۈتۈلگەن پۇرسەتمۇ كەلدى نىھايەت،
زور ئىشقا ئاتلاندى ئۇ تەييار بولۇپ.
تاھىر ۋە زۆھرەگە يەتكۈزدى خەۋەر،
ئىشىكلەر ياغىچىغا ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ.
دېدى ئۇ: بالىلىرىم تەييارلىق پۈتتى،
كەلگەنىدەك تۇرىدۇ ئىشنىڭ سائىتى.
قوزغىلىپ، بوركۈتتەك قاناتلىنىڭلار،
يار بولسۇن سىلەرگە يولۋاس جۈرئىتى.
پىچاقمۇ پارقىراپ قالدى بىر پەستە،
بۇلۇتلار ئىچىدىن كۆرۈنگەنىدەك ئاي.
شۇئان راۋان بولدى جەھەننەم تامان،
قورادا ئۈگىدەپ تۇرغان گۈندىپاي.
يەردىكى قانلارنى سۈرتتى ئاتباقار،
ئېغىلغا يوشۇردى قاتقان مۇردىنى.
ئىتلار ئۈگىدەيتتى ئىشتىن بىخەۋەر،
جەمجىتلىق قاپلىغان ئىدى ئوردىنى.
ئاشىقلار تۇتقۇندىن بولۇشتى ئازاد،
ئاتباقار ئاق ئاتنى كەلتۈردى يېشىپ.
چاقنىغان چاقماقتەك قوزغالدى ياشلار،
ئاق ئاتقا چەبدەسلىك بىلەن مىنگىشىپ.
چۆپ باسقان لاپاسقا ئوت قويدى ئاتا،
ئاتخانا قالدى ئوت - يالقۇن ئىچىدە.
ئاق بوز ئات چاچرىتىپ تاشلاردىن ئۇچقۇن،
ئۇق كەبى ئۇچاتتى زۇلمەت كېچىدە.
قاچقانلار ئوردىدىن كەتتى يىراقلاپ،
ۋە تۈياق ئۇچقۇنى كۆزدىن يوقالدى.
شامالدا گۈرۈلدەپ ئۆرلىدى يالقۇن،
كۆيگەن ئوت ئوردىنى قوينىغا ئالدى.
ئات باقار قاپلىغان تۈتەك ئىچىدە،
كۆيەتتى ئۆرتىنىپ ھەريان پىقىراپ.
ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!
ۋاقىراشلاردىن،
ئەنسىزلىك ئىچىدە ئويغاندى ئەتراپ.
ئىرغىدى چۆشەكتىن قورقۇپ قاراخان،
كاللىسى كۆرۈندى دەرىزىسىدە.
تەمتىرەپ يۈرەتتى ئوردىدا خاقان،
غال - غال تىترەيتتى قان يوق يۈزىدە.
ئوردىنى قاپلىدى چۇقان ۋە سۈرەن،
قاراخان تۈۋلايتتى چېپىپ قۇيۇندەك.
تۈگۈلۈپ قالاتتى بەزەن ئولتۈرۈپ،
كاتاكتىن تۇتۇلغان ئوغرى مولۇندەك.
ئادەملەر توپلىشىپ ئۆچۈردى ئوتنى،
ئىس - تۈتەك تارقالدى ھەريان پۇرقىراپ.
قوقاسقا ئايلانغان ئاتخانا ئارا،
ئۆرتەنگەن ئاتباقار تۇراتتى پۇراپ.
ئايلىنىپ باشئەگىم قاپتاللىرىنى،
تاغ - تاشلار ئىچىدە چاپاتتى ئاق ئات.
يۇلتۇزلار چاچرىتىپ تۈياقلىرىدىن،
ئۇچاتتى مىسالى تاقىقاندەك قانات.
ئۇچقان ئات شىددەتلىك كىشنەپ بەزىدە،
دوچ كەلگەن ھاڭلاردىن سەكرەيتتى چاققان،

يېقىنلاپ كېلەتتى ئۇلار كەينىدىن،
قوغلىغان لەشكەرلەر كۆتەرگەن چۇقان.
ئۇچىدۇ كۈچ بىلەن چىچەن جەڭ ئېتى،
تۈن كېچە ۋە قويۇق بۇلۇتلار تامان.
ئىستەكتۇر ئۇنىڭغا يىراق تاغلارغا،
تاھىر ۋە زۆھرەنى يەتكۈزمەك ئامان.
جىرادىن، ھاڭلاردىن سەكرىگەندە ئات،
تاشلارغا تىرەجەپ ئاندىن قوزغالدى.
تۇياقىنىڭ ئىزلىرى تىك چوققىلاردا،
ئۇيۇلۇپ مەڭگۈلۈك ئىز بولۇپ قالدى.
بۇ ئىزلار ھېلىمۇ بار شۇ تاغلاردا،
ياندىشىپ تۇرىدۇ ئىككى يورەكتەك.
نەسىللەر قەلبىدە قوزغايدۇ ھۆرمەت،
شۇ ئۆلمەس ئىسياندىن يەتكۈزۈپ دېرەك.
ئۇچقان ئات، ئاھ سەن ئات...
قاچقۇنلار ئېتى......
بىردىن تىك قىيادىن كەتتى ئۇ غۇلاپ.
ئاسماندىن چۈشكەندەك چۈشتى دەرياغا،
ۋە دەريا جىلغىدا تاشتى دولقۇنلاپ.
تەۋرەندى ئۇلۇغ سۇ،
كۆتەردى دولقۇن،
قىرغاقلار قاپلاندى كۆمۈش كۆپۈككە.
ئاھ دولقۇن ئاھ دولقۇن...
چۆچۈدۈك ئەجەپ!...
چۆچۈگەن دولقۇنلار ئۆرلىدى كۆككە......
قوغلىغان لەشكەرلەر كەلدى چوققىغا،
دەرياغا تىكىلىپ قالدى قاراخان،
ئابباس خان زەھەرلىك ھىجىيىپ قويدى،
ۋە ھاپىز ئۈمىدتە ئۆيلاندى شۇ ئان.
بەزىدە ئۆلۈمدە پىنھان تىرىكلىك،
ھاياتنىڭ ئۈمىدى بولار ماماتتا.
ئۇ كۆردى: ئۆرلىگەن ئانا دولقۇنلار،
تاھىر ۋە زوھرەنى ئېلىپ ئاقماقتا......

**8. دولقۇنلار ئۇزاتتى ئاپپاق قولىنى......**

باغراشتىن كېلىدۇ كۆنچى دەرياسى،
ئاقىدۇ يېشىللىق بېرىپ ھەر يانغا،
بىپايان چۆللەرگە بارغاندا ئېقىپ،
بۆلۈنۈپ كېتىدۇ توققۇز تارانغا،
كۆكلەمدە قىرغاقلار ياشنايدۇ گۈزەل،
گۈل چېچەك قاپلايدۇ تۇقايلىرىنى.
ۋادىدا كىشىلەر مېھنىتى بىلەن،
بىزەيدۇ دەريانىڭ يىل - ئايلىرىنى.
بۇ دەريا ئاق چېچەك چاچرىتىپ دائىم،
پەلەككە ئۆرلەتەر دولقۇنلىرىنى.
ئېھتىرام بىلدۈرۈپ مېھنەت ئەھلىگە،
دولقۇنلار سوزىدۇ ئاپپاق قولىنى.
شامال‌لار گۈركىرەپ، قۇياش ئىللىتقان،
ئاپتاپلىق كۈنلەردە بولىدۇ شۇنداق،
دەريانى قىزىللىق قاپلىدى ئەمدى،
ئۆرلىگەن دولقۇنلار ئەمەس ئىدى ئاق،
ئاقاتتى ئۇلۇغ سۇ ئەنسىزلىك بىلەن،
دولقۇنلار ئۆرلەيتتى شىددەتكە تولۇپ،
ئىگىز كۆتىرىلەتتى دولقۇن قوللىرى،
تاھىر ۋە زۆھرەنى قۇتقۇزماق بولۇپ.
ئۆركەشلەر ياندىشىپ قىلىشتى ھاسىل،
نىجاتقا ئىنتىلگەن سانسىز قوللارنى.
بۇ قوللار كۆتەردى يىگىت ۋە قىزنى،
قىرغاققا سوزۇلدى ....
قويدى ئۇلارنى.
بۇ قوللار كۆلپەتلىك پەرزەنتلىرىنى،
ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدىن ئالدى ياندۇرۇپ.
بۇ قوللار پىداكار ئاشىقلىرىغا،
گۈزەل ياشلىقىنى بەردى قايتۇرۇپ.

چېپىشىپ ياۋايى ھايۋانلار كەبى،
قوغلىغان لەشكەرلەر كېلىشتى شۇئان.
—كىم قېچىپ قۇتۇلغان مېنىڭ قولۇمدىن؟
ۋاقىراپ - جاقىراپ كېلەتتى خاقان.
ئۇ ئاتتىن چۈشتى - دە، دەرياغا قاراپ،
قېلىچقا تايىنىپ چىقتى قىرغاققا.
بۇيرۇدى: كېسىڭلار پۇت - قوللىرىنى،
بويسۇنماس قاچقۇنلار چۈشتى تۇزاققا!
قېلىچنى قېنىدىن سۇغاردى دەرھال،
قاراخان ئويىنىپ ئوغرى كۆزىنى.
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تاھىرمۇ شۇدەم،
قاراخان تەرەپكە ئاتتى ئۆزىنى.
ئېلىشىپ چاقماقتەك تېز ھەركەت بىلەن،
يالىڭاچ قېلىچنى ئالدى ئۇ تارتىپ.
ۋە ئۇردى كۈچ بىلەن كۆتىرىپ ئېگىز،
قاراخان بېشىغا تامان قارىتىپ.
قاراخان يىقىلدى، قاچتى لەشكەرلەر،
چۆچۈگەن ئابباسمۇ داجىدى يىراق.
زۆھرەنى يۆلىدى تاھىر شۇ ھامان،
ئوت يانغان كۆزىدە يالتىراپ چاقماق.
زۆھرەنىڭ ھۆل چېچى مورىلىرىدە،
كۆز نۇرى يۈزلەندى چەكسىز يىراققا.
ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان كەبى،
پەرىشان باقتى ئۇ يېقىن - يىراققا.
قۇلىقى تووۋىدىن ئۆتتى ۋىژىلداپ،
بىر تال ئوق يىراقتىن كەلگەن ئېتىلىپ،
تاھىرنىڭ گەۋدىسى سەل تەۋرەندى-دە،
زۆھرەنىڭ يېنىغا چۈشتى يىقىلىپ.
يوشۇرۇن ئوق تېگىپ تاھىر بەردى جان،
زۆھرە قىز يىراقتىن ۋاقىرىدى خانغا:
—كەلتۈرۈپ بېرىڭلار بىر ياغاچ ساندۇق،
مەن تاۋۇت قىلىمەن قەدىرلىك جانغا.

شەرتىمنى تېزلىكتە قىلىڭلار ئادا،
بۇ مېنىڭ سىلەرگە قويغان قارارىم.
تەلىپىم ھازىرلا بىرلىمىسا بىجا،
تىنمايدۇ زادىلا مېنىڭ ئىسيانىم!
بۇ سۆزلەر ياڭرىدى گۈلدۈرمامىدەك،
ئاباس خان ھازىر دەپ قايتۇردى جاۋاپ.
بۇيرۇدى يانىدىكى نەۋكەرلىرىنى،
نەۋكەرلەر ساندۇققا ماڭدى ئالدىراپ.
ساندۇقنى ئەكېلىپ قويۇشتى دەرھال،
زۆھرە قىز تاھىرنى سالدى ساندۇققا.
ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مىخلىدى ئۆزى،
ئىجتىھات ئىشلىتىپ ئۇ ھەر بىر مىخقا.
ساندۇقنى ئىنچىكە چىقتى كۆزىتىپ،
ياسالغان بۇ ساندۇق تەقلىت قېيىققا.
ئاخىرى بېشىنى كۆتەردى زۆھرە،
ئېچىلىپ قارىدى ئۇ خالايىققا.
كۈلكىدە ھەسرەتمۇ بولىدۇ بەزەن،
كۈلكىسى دەردىنى ئىزھار ئەيلىدي.
دەرياغا ئىتتەردى ساندۇقنى زۆھرە،
ۋە ساندۇق دولقۇنلار ئارا لەيلىدى.
ئارقىدىن دەرياغا سەكرىدى زۆھرە،
دولقۇنغا قوشۇلدى كۈلكە ئاۋازى.
— تۇتۇڭلار، تۇتۇڭلار!

بۇ ۋاقىراشنىڭ،
قاتمۇ - قات تاغلاردىن كەلدى ساداسى.
زۆھرە قىز ساندۇققا چىقتى يامىشىپ،
ھەركىتى ئەسلىتىپ چاققان كېيىكنى.
دولقۇنلار قول سوزدى قۇتقۇزماق بولۇپ،
ياشلىقنى، سۆيگۈنى ۋە ئەركىنلىكنى!
دەريادىن ياڭرىدى مۇڭلۇق بىر ناخشا:
تۆكۈلدى تاھىرجان سۆيگۈ ياشلىرىم.
ئەلۋىدا! سۆيۈملۈك ئانا ئۆلكىلەر،

ئەلۋىدا! قېرىنداش ۋە قاياشلىرىم ....
قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىدى كۆكنى،
قاتىللىق ئوقلىرى ئۇچتى ئوقيادىن.
لەيلىگەن ساندۇققا يىقىلدى زۆھرە،
جۇدالىق پىغانى چىقتى دەريادىن.
ئوق يېگەن زۆھرەدىن ئۇرغۇپ قىزىل قان،
دەريانى بويىدى دولقۇندا لەيلەپ.
قىرغاقتىن تەلموردى ھاپىز دەرياغا،
ياشلارغا ئېچىنىپ ياش تۆكتى ئاھ! دەپ.
پۇقرالار ماتەمدە تۆكتى كۆز يېشى،
كۆز يېشى دەريادا بولدى ئاق ئۇنچە.
دولقۇندا ئېچىلدى سانسىز ئاق چېچەك،
ئېچىلدى مۇز تۇتۇپ تا قار چۈشكىچە.
ساندۇق ئېقىپ باردى توققۇز تارانغا،
ۋە ئۇندا لەيلىدى ئۇزاق كۈنگىچە.
تۈنلىرى زۆھرەنىڭ ناخشا ئاۋازى،
ئۇندا ياگرار ئىمىش تا بۈگۈنگىچە.
ئىزلىشىپ سۆيگۈنىڭ قۇربانلىرىنى،
كىشىلەر كېلىشتى ئەگىشىپ سۇغا.
ئاپىرىپ كۆمۈشتى ئۇلارنى غەمدە،
باشئەگىم تېغىنىڭ بىر چوققىسىغا.
ئۇلارنىڭ قەبرىسى بولدى ئېگىز تاغ،
قەبرىنىڭ ئاستىدا ئاقىدۇ دەريا.
چوققىدىن كۆرۈنەر چەكسىز ۋادىلار —
ئەسىرى زۇلمەتلىك بىر غېرىپ دۇنيا.
زىمىندۇر ماتەمدە شۇندىن مابەينى،
ھەسرەتتىن پۈتمىدى دەريانىڭ يېشى.
قىرغاقتا سوكۇتتە تۇردى مەجنۇنتال،
دولقۇنلار ئەۋجىدە قاننىڭ ئۆركىشى.
ئاھ، كۆنچى، بەختسىز ئوغۇل ۋە قىزلىك،
باغرىڭدا ئۆتكۈزگەن كۈن ۋە تۈنلەرنى.
روھى بار ئۇلارنىڭ ئۆركەشلىرىڭدە،
ئاقىسەن كۆتىرىپ ئاپپاق گۈللەرنى ....

## 9. ئىلاھى گۈللەر

ئاشىقلار قەبرىدە سۈبھى ئالدىدىن،
ئىككى تۈپ قىزىل گۈل چىقىدۇ ئۈنۈپ،
نۇرلىنىپ، يالتىراپ قاراڭغۇلۇقتا،
تۇرىدۇ ئېچىلىپ ۋە گۈزەل كۈلۈپ.
بۇ گۈللەر تاغ ئارا چېچىپ خۇش پۇراق،
بىخ تارتىپ بۆككىدە شاخلاپ تۇرىدۇ.
غۇنچىلار ئاچىدۇ قىپ ـ قىزىل پورەك،
ۋە گۈلخان ئوتىدەك چاقناپ تۇرىدۇ.
تاڭ يورۇپ شەرقتىن ئۆرلىگەندە كۈن،
بۇ گۈللەر قەبرىدە بولىدۇ غايىپ.
قىپ ـ قىزىل شولىسى قالىدۇ كۆكتە،
ئۇپۇقلار نۇرلىنار ئۇندىن ئاجايىپ.
چوققىنىڭ ئاستىدا كۆنچى دەرياسى،
ئاقىدۇ ساماۋى نۇر بىلەن تولۇپ.
كۆرۈنەر كورلىنىڭ مەجنۇن تاللىرى،
دەريانىڭ بويىدا شوخ دولقۇنلۇنۇپ.
بۇ ئانا يۇرتىدۇر تاھىر ـ زۆھرەنىڭ،
بىپايان جايلارغا كەڭ غۇلاچ كەرگەن.
بۇ يۇرتنىڭ ئاگەھكى نۇرلىنىشلىرى
شۇ ئۆلمەس ئاشىقلار روھىدىن كەلگەن.
ئىككى تۈپ قىزىلگۈل ئۈنگەن شۇ پەيتتە،
يۈز بېرەر ئازغاننىڭ ئۈچ ئېلىشلىرى.
ئازغانمۇ ئۈنىدۇ،

كۆرمەيدۇ ۋىسال،

گۈللەرنىڭ ئۆزئارا ئىنتىلىشلىرى..
گۈللەر ئارىلىقىدا ئۆسىدۇ ئازغان،
تىكەنلىك شېخىنى سوزۇپ ھەريانغا.
ئۆلگەن ئاراخاننىڭ گۇناھلىق روھى،
ئايلىنىپ قالغانمىش ئاشۇ ئازغانغا.
ئۇ ئازغان زەھەرلىك ...

ئۆلىدۇ ئىنسان،

مۇبادا تىكىنىنى كىرسە بەدەنگە.
قاراخان نامىنى قويار كىشىلەر،
ياۋۇزلۇق يولىغا كىرگەن ئادەمگە.
ئەسلىتەر بۇ ئازغان زالىم ۋەزىرىنىڭ،
قوغلىشى، چاپاسى، تەقىپلىرىنى.
ئازغان دەپ ئاتايدۇ بۇندا خەلقلەر،
سۆيگۈنىڭ شۇم نىيەت رەقىپلىرىنى.
قىزىلگۈل ئاسىرلار ئادەملەر ئارا،
سۆيگۈ بار بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشىدا.
ھەر باھار چىرايلىق چاقنار ئۇ گۈزەل،
يىگىتلەر چېكىسىدە،

قىزلار چېچىدا.
ئېچىلغان بۇ گۈللەر قىلار نامايان،
مېھنەتكەش خەلقنىڭ قەلبى سىرىنى.
زەھەرلىك ئازغانغا ئوخشىتىپ خەلق،
سۆكىدۇ زاماننىڭ زالىملىرىنى.
بىر شامال چىقىدۇ سۇبھى ئالدىدا،
گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا بولۇپ مۇخالىپ.
شامالدا ئىغاڭلاپ زەھەرلىك ئازغان،
تەلپۈنگەن گۈللەرنى تاشلايدۇ ئايرىپ.
تۆكىدۇ گۈللەرنىڭ قىزىل بەرگىنى،
ئازغانغا ئايلانغان ئۇ قارا ئەرۋاھ.
لېكىن گۈل ئۈنىدۇ سۇبھى ئالدىدىن،
ئازغانغا، شامالغا بولۇپ بىپەرۋا.
بۈگۈنى تۆكۈلسە ئازغان زەربىدىن،
ئەتىسى ئۈنىدۇ يەنە بىخلىنىپ،
بۇ گۈللەر ھەپپىدە ئېچىلىپ بىر پەس،
تۇرىدۇ بىر - بىرىگە ئوتتەك ئىنتىلىپ.
بۇ گۈللەر توغرىلىق كورلىدا دائىم،
ئەقىللىق بوۋايلار قىلار رىۋايەت.
كۆرگىلى بولارمىش چىقسا چوققىغا،
ھەر جۈمە كۈنلىرى سۇبھىدە پەقەت.

ياشنايدۇ كورلىنىڭ يېشىل بوستانى،
ئەتراپى تاغلاردۇر ئۇنىڭ قاتمۇ - قات.
باغرىدىن ئۆتىدۇ كۆنچى دەرياسى،
دەريادا دولقۇنلار ئۆلمەس بىر ھايات.
خەلقنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچى،
دەريادا ئەسىرلەر ئاقتى ئۆركەشلەپ.
زامانلار ئۆتتۈشتى ...

تاغلار يەنە ياش،
ۋە زېمىن ھەر باھار كۆكەردى گۈللەپ.
نۇر بىلەن زۇلمەتنىڭ ئېلىشىشىدا،
كىشىلەر بولۇشتى تاغدەك ئىشەنچتە.
دەريادەك ساپ بولدى ئۇلارنىڭ كۆڭلى،
ئۈمىدى ياشىدى مەڭگۈ ئۆركەشتە.
باتۇر ۋە ئىشچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ،
كۆڭلى يورۇق بولدى چىراقتەك ھامان.
ياشىدى ئىشەنچ ۋە ئىزلىنىش بىلەن،
ئىنتىلدى گۈزەللىك ۋە بەخت تامان.
بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچقان لاچىندەك،
باتۇرلۇق مىسالى ئۇلاردا تاھىر.
ۋە زۆھرە — سۆيگۈنىڭ ۋاپادار قىزى،
دىللاردا پەردەك بولىدۇ زائىر.
تاغلار، ۋادىلاردا ياشىدى ئۇلار،
ئېلىشىپ كۈلپەتلىك قىسمىتى بىلەن.
بۇ خەلق ئىپتىخار ئەيلەشكە لايىق،
ئەسىرىي ھاياتىي قىممىتى بىلەن.
ئاشىقلار قەبرىدىن ئۇچىدۇ جۈپ توز،
سۆيگۈنىڭ يەنە بىر مىسالى بولۇپ.
بۇ توزلار كۆك بويلاپ قىلىدۇ پەرۋاز،
خەلق ئۈمىدىنىڭ تىمسالى بولۇپ.
ئۇلار تىنىك قىيادىن يايغاندا قانات،
باشئەگىم قورۇلى قالار ئاستىدا.
بۇ قۇشلار ئۇچىدۇ ئىزلەپ قۇياشنى،

بۇلۇتلار ئىچىدە ياڭرىتىپ سادا.
بەك قەدىم زاماندا بولغان بۇ ئىشنى،
ئۇيغۇرلار ھىكايە قىلىدۇ پات ـ پات.
مەن داستان ياراتتىم بۇ رىۋايەتتىن،
تارىخ ۋە رېئاللىق بەردى، تەسىرات.

**خاتىمە**

مەن تاۋخې① بويىدا تۇغۇلغان ئوغلان،
تىيانشان كۆكىدە ھەم قانات قاقتىم.
كورلىدا ئوتتۇز يىل بولدۇم خىزمەتتە،
ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن دوستلۇق ئورناتتىم.
ئوتتەك ھارارەتلىك ۋە مەرت خەلق بۇ،
سۆيىمەن ئۇلارنىڭ پاك دىللىقىنى،
بىباھا ئالتۇنغا ئوخشاتسا بولار،
دوستلۇق تۇيغۇسىنىڭ ئىسسىقلىقىنى.
ساپ ئۇلار ئوتلاقنىڭ شەبنەملىرىدەك،
ئىزلىمەس مەنپەئەت، قوغلاشمايدۇ نام.
ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرى،
قەلبىمدە قوزغايدۇ سەمىمى ئىلھام.
مەن تاھىر ـ زۆھرەنىڭ پاجىئەسىنى،
ئوتتۇز يىل مابەينى يازدىم يېنىشلاپ.
ئارزۇلۇق ئەمگىكىم چىقتى يورۇققا،
مەن ئۇنى شۇ خەلققە تۇتتۇم بېغىشلاپ.

1978 ـ يىلى، كورلا

## سائەت ۋە ئىگىسى

(مەسەل)

**ئەسقەر ئېزىز**

دەپتۇ سائەت چىكىلداپ،
قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ.
چىك، چىك، چىك، چىك، چىك ئىگەم،
قۇلاق سالغىن جىم تۇرۇپ.
تۇرغاچقا مەن ۋاقىتنى،
دائىم توغرا كۆرسىتىپ.
كېچىكمىدىڭ خىزمەتكە،
دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ.
قەدىرلەندىڭ شۇڭا سەن،
ئېلىپ شەرەپ تاختىسى.
ساڭا ئالقىش ياڭرىتىپ،
چالدى چاۋاك ھەممىسى...
تۆھپە مېنىڭ بولغاچقا،
تەقدىر نامە ماڭا خاس.
ھەممە ئادەم مېنىڭسىز،
ھېچقانداق ئىش قىلالماس.
قاھ ـ قاھلاپتۇ ئىگىسى،
ھەيران بولۇپ بۇ گەپكە.
ئاڭلاپ بولۇپ ھەممىنى،
شۇنداق دەپتۇ سائەتكە.
ئۇنتۇپ قالسام ئەگەردە،
قولۇغۇڭنى بۇراشنى.
بىلەلەمسەن ئېيتقىنا،
دەل ۋاقتىدا مېڭىشنى؟!

① گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى

# سۈكۈت قەبرىستىنىكى يېزىقلار

**ئابىد ئىسمايىل (سۈرىيە)**



ياش شائىر ئابىد ئىسمايىل 1963- يىلى سۈرىيەنىڭ لەزىقىيە شەھرىدىكە قاراشلىق «نىنە» كەنتىدە تۇغۇلغان. 1985- يىلى دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگىلىز تىل - ئەدەبىياتىنى پۈتتۈردى. ھازىر، ئۇ ئامېرىكىدا شېئىرىيەتتى توغرىسىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ئوقۇشتا چەتنەش ئالدىدا تۇرىدۇ.

بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ «سۈكۈت قەبرىستىنىكى يېزىقلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## شېھىرزاتنىڭ ئۇنتۇلغان ۋاراقلىرى

**1. تۇغۇش**

كۈلدى ئانا ئۆتكەن ئۇرۇشتا،
ئاخىرقى كۈن تولغاق يېگەندە.
چۈنكى ئەمەس ئىدى تۇغقىنى،
جىنازىدىن باشقا بىر بەندە.

**2. مەرسىيە**

يادىچىنى يەپ كەتتى بۆرە،
يالغۇز قالدى جىرادا نېيى.
ھېلىغىچە ياڭرايدۇ ئۇنىدىن،
سىرلىق، مۇڭلۇق، پەرىشان كۈيى.

**3. تىتىلداش**

بىر ناتونۇش قەبرە ئۈستىدىكە،
ئېتىپ چۈشتى كۆكتىن بىر يۇلتۇز.
چۈنكى ئىچى پۇشتى ساقلاشتىن،
ئاسمانىنىڭ تار ئۆيىدە يالغۇز.

**4. كۈتۈش**

يول بويىدا، يولنىڭ بويىدا...
بىر دېرىزە ئولتۇرار تەنھا.
ئۇ كۈتىدۇ بەلكى كەلسە دەپ،
شامال يا ئاي ياكى بىر رەنا.

**5. سىر**

نۇرلار شۇ تاپ يالىڭاچ قۇياش
دېرىزىدە، تۈرمە كەينىدە.
بىر نىمىلەر يېزىپ تامغا ئۇ،
ئۆچۈپ كەتتى ئويۇق كۆلىدە.

**6. شامال**

قولغا ئالدى چېگرا ساقچىسى،
تۇتىۋېلىپ قاچاق شامالنى.
پايپېقىغا يوشۇرغان ئىكەن،
ۋەتەن دېگەن غەمكىن قوشاقنى.

**7. نۇسخا**

كىرىپ كەلدى يۇرت چىركاۋىغا،
ياسىنىپ كۆل دەرۋىش تۇسىدە.
قوڭغۇراقلار چېلىنغان چاغدا،
كۆردى ئايىنى مۇنبەر ئۈستىدە.
زامانلاردىن قالغان كىرىستى،
تەۋرىنەتتى ئۇنىڭ كۆكسىدە.

**8. جىمجىت رەسىم**

جەڭ تۇمۇزى تەكتىدە قىلىپ،
ئاستا - ئاستا قۇرىدى ئۆلۈك.

كۆپكۆك كۆكنى كۆيلىگەن ناخشا،
ئۇزاپ كەتتى كۆزىدە سۆزۈك.

### 9. ئاداققى ئىستەك

قانچە ئىستەر كىرست تاختايغا،
مىخلانغان شۇ گۇناسىز كىشى.
قانچىلىك شات ئەيلەيدۇ ئۇنى،
قۇياشنىڭ تىك مومدىن چۈشىشى.
ياتسا ئىكەن قويىندا ئۇنىڭ،
تۇتاشتۇرسا تاماكىسىنى.
پۇرقىرىتىپ جان بەرسە ئادەم،
تاماكىنىڭ كۆپكۆك ئىسىنى.

### مەن

1

تۇغۇلمىدىم ئالتۇن قەسىردە،
قارىغايىنىڭ سايىسى ئۆيۈم.
جۇدۇن يوقلاپ كەلسە ئۆيۈمنى،
كۆكتىكى ئاي بولدى ئوچىقىم.

2

چىركاۋىدۇر بوركوت چاڭگىسى،
ئۇندا مىنى پاكلىدى يامغۇر.
بىلگەن بولسام ئەگەر خۇدانى،
سەۋەپ شۇكى:
يېشىل دەرەخنىڭ -
ئىنجىلىنى ئوقۇدۇم بىر قۇر.

3

شامال ماڭا ئوبدان ئۆگەتتى.
ئۆگكورلەردىن قانداقچە ئۆتۈپ،
يۇرتلار ئارا قانداق كېزىشنى.
ئېچىرقىسام، يىگۈزدى تۇپراق،
ماڭا قۇرام تاشنىڭ ئېشىنى.
يىغلاپ قالسا ئەگەر يۈرىكىم،
قۇچاقلايدۇ مىنى بۇلاقلار،
سۇبھى باشلار ئەللەيلىشىنى.

4

ئەيىپلىسە مىنى لۇغەتلەر،
سەۋەپ شۇكى: قىلادىم تەرجىمە،
داڭگاللارنىڭ دۇدۇقلىشىنى.
سۇئالىنى يەشتىم چېچەكىنىڭ،
چېچەك ئامراق مەندىن سوراشقا.
يوللار مىنى قويسا يۇتتۇرۇپ،
سەپىرىمنى باشلاشتىن بۇرۇن،
ئادرېسىمنى بەردىم قۇياشقا.

ئەرەپچىدىن: ئەخمەتجان ئوسمان تەرجىمىسى.

پەرىدىدىن ئەتتار ئېيتىدۇ:

— تۆت نەرسىنى تۆت نەرسىدىن، يەنى كۆڭۈلنى ھەسەتتىن، تىلنى يالغان ۋە غەيۋەتتىن، قىلغان ئىشىڭنى مىننەتتىن ۋە نەپسىڭنى ھارامدىن پاك تۇت، شۇ چاغدىلا ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىسەن. ئەي ئوغۇل، ھېچ قاچان دىل ئازار بولما، دىل ئازارلىق بىر كۆنى پالاكەتلىك كەلتۈرىدۇ. تەكەببۇر بولۇشتىن ساقلان. تەكەببۇرلۇق جاھىللارنىڭ ئادىتى، ئەقىللىق كىشىلەر تەكەببۇر بولمايدۇ.

## دانىشمەنلەر نەسىھىتى

بىر دانىشمەندىن سورىدى:

– قانداق ئالامەتلەر ئادەمنىڭ بەختىنى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ؟

دانىشمەن ئېيتىدۇ:

– ھالال مېھنەت، سېخىلىق، غەيرەت، ئوچۇق چىراي ۋە شېرىن سۆزلۈك بولۇش بەختلىك ئادەمنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

– يامان يولدا يۈرگەن تەربىيەسىز پەرزەنت نىمىگە ئوخشايدۇ؟

دانىشمەن ئېيتىدۇ:

– بۇنداق پەرزەنت ئارتۇقچە ئۆسكەن بارماققا ئوخشايدۇ. ئۇنى كېسىپ تاشلىماقچى بولسىڭىز ئاغرىيدۇ، ئۆز جايىدا قالدۇرسىڭىز، بىداۋا بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.

بىر دانىشمەن ياخشى مىجەزلىك، ئەدەپلىك لېكىن چىرايى بەكمۇ خۇنۇك بىر يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

– ئەي يىگىت، سېنىڭ گۈزەل، ياخشى مىجەزىڭ ۋە ئەخلاقىڭ چىرايىڭدىكى خۇنۇكلۇقنى يېپىۋەتتى.

ئەپلاتون ھېكىم مۇنداق دەيدۇ:

– مەن پىداكارانىلىق بىلەن قىلىنغان مېھنەتتىن ھاسىل بولىدىغان راھەتنى ھېچ نەرسىدە كۆرمىدىم، چۈنكى تېنىمنىڭ سالامەتلىكى، روھىمنىڭ سائادىتىنى مېھنەتتە تاپتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھنەت «سائادەتنىڭ ئۆزىدۇر» دەيمەن.

جالالىدىن رۇمى ئېيتىدۇ:

– بىئەدەپنىڭ يامانلىقى پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ھەم زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەدەپسىزنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئاپەت، پالاكەت ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىندۇر. كىمدە - كىم ئەدەپسىزلىك يولىغا قەدەم قويسا، قايغۇ - ھەسرەت ئوتىدا يانىدۇ.


سوقرات ھېكىم ئېيتىدۇ:

– تەكەببۇرلۇق ۋە زۇلۇم – ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاپىتى، مۇلايىملىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك – ئىنسانىنىڭ زىننىتى، شەرمۇ - ھايا ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل، يېقىملىق لىباسىدۇر.

جېلىل مۇھەممەت تەرجىمىسى

# شەرەپ مۇنبىرى





«روناق تاپقاندا مىللەتنى، خەلقنى ئۇنۇتماي-
مىز، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ يۈكسىلىشى
ئۈچۈن ماددىي ياردەم بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلى-
يىتىمىز» -بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياش تىجارەتچى
↑ ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ھاجى ۋە شېرىپ ئاتىخانلارنىڭ ←
قەلب ساداسى. ئۇلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي
پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى
گۈللەندۈرۈش يولىدا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت ئېسىل روھىنى ئىپادىلىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا سۇلتان ئىمىن، ئوبۇل ھەسەن، ھەسەن ھاجىم، ئابلەھەت ھاجىم،
ياسىن ھاجىم، پەتتار قاتارلىق تىجارەتچىلەرمۇ پۇل تاپقاندا ئەلنى ئۇنۇتمىدى.
بىز يۇقىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر يولداشلارنىڭ خالىسانە ياردىمىگە ۋە ئەل-
سۆيەر پەزىلىتىگە ئالاھىدە ئاپىرىن ئېيتىمىز.


— ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى —


## تەڭرىتاغ پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنىلى

天尔塔格文学季刊（维文）

تەڭرىتاغ تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى.
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ژۇرنال نومۇرى 412 تېلېفون نومۇرى 28897
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ، تارقىتىدۇ.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى 58 - 83، باھاسى 0.50 يۈەن


编辑出版《天尔塔格》编辑部
地址乌市新华南路16号
印刷乌市第十四中学印刷厂
登记证第412号 电话 28897
乌鲁木齐市邮局订阅发行
刊号58—83 定价0.50元



مېنىڭ يېزام



تاغ سۇيى



ئىككى خوراز

سەبتىنياز ئولمايىت سىزغان

# ئۈرۈمچى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتى





بىرىش. مال زاكاس

قىلىش. رېمونت قىلىش كەسپلىرى

بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەھسۇلاتلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن.

ھۈنەر سەنئىتى ئىلغار. ماتېرىيالى ياخشى. ياسىلىشى كۆركەم. ئاۋازى

يېقىملىق. سۈپىتى يۇقىرى.



ماگىزىنىمىزدا مىللىيچە. ياۋروپاچە ۋە ئېلېكترونلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى سېتىلىدۇ. ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز.

ئادرسى: ئۈرۈمچى ئازادلىق يول 243-، 245- نومۇر تېلېگراف: 2867 تېلېفون: 23284 28855

